

5



# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-09834-7

9 787228 098347 >

定价：15.00 元

5

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间歌谣. 5/《维吾尔民间文学大典》编委会编. – 乌鲁木齐： 新疆人民出版社, 2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 – 7 – 228 – 09834 – 7

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 – 民歌 – 作品集 – 中国 – 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.291.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010496号

策　　划： 阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑： 艾合买提.伊明
责任校对： 阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间歌谣 — 5** (维吾尔文)

《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路 348 号 邮编： 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 10 印张 2 插页
2006年 2月第1版　2007年3月第2次印刷
印数： 4,001-6,000

ISBN 978-7-228-09834-7　定价： 15.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار


**ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى — 5**

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 10 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 4,001—6,000
ISBN 978-7-228-09834-7
باھاسى: 15.00 يۈەن

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن


ئۈرۈمچى

2006-يىلى

## ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
## 30 كىتاب نەشردىن چىقتى

| | |
|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى: كۆك ياللىق بۆرە | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى كۆك گۈمبەز | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بۇلبۇلگويا | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يېرىل تېشىم، يېرىل | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قىلىچ باتۇر | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەجدىھا يىگىت | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى كۆھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مېھرى نىقاب | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھۆۋەي باتۇر | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مەلىكە بەرنا | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بۇقا موزايلاپتۇ | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئەمىرگۇر ئوغلى | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى نۇزۇگۇم | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى يۈسۈپ ـ زىلەيخا | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى تاھىر ـ زۆھرە | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى كاككۇك بىلەن زەينەپ | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① | 15.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② | 12.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ | 16.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ | 16.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ | 15.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ① | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ② | 20.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى | 8.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى | 21.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى | 4.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى: ھېسام چاقچاقلىرى | 15.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى | 13.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى | 5.00 يۈەن |

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە

**تۇرمۇش قوشاقلىرى** ........ 1
ئاتا ـ ئانا، قېرىنداش ھەققىدە........ 3
غېرىب ـ مۇساپىرلىق ھەققىدە........ 16
ياشلىق ۋە قېرىلىق ھەققىدە ........ 34
يالغۇزلۇق ھەققىدە ........ 38
ئۆگەي ئانا ھەققىدە ........ 40
بويتاقلار قوشىقى ........ 42
تۇل خوتۇنلار قوشىقى ........ 48
ئۆلۈم ھەققىدە........ 52
خوتۇن ھەققىدە........ 55
قېينانا ھەققىدە ........ 56
ئويۇن ـ چاقچاق ھەققىدە ........ 58
بەگ ـ قىمارۋاز ھەققىدە ........ 64
پەندىيات ........ 78
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم ........ 80
نەسىھەت ........ 93
يېتىملار قوشىقى ........ 96
قەمبەرنىسا ........ 114

ئانام قۇنخان ........................120
داغى پەرزەنت ........................127
نورۇز قوشىقى........................133
رامزان قوشىقى ........................137
بارات قوشىقى ........................146
قار بېيىتى ........................148
پېرە قوشىقى ........................156
كۆك مەشرىپى ۋە كۆك بېيىتى ........................158
يۇز ئاچقۇ بېيىتى ........................169
پوتا بېيىتلىرى ........................193
قىيقاس بېيىتلىرى ........................242
چۇن - چۇن سالاۋات ........................257
**باللار قوشاقلىرى ........................265**
دىكىر - دىكىر توشقان........................267
گۇرس........................268
ئەنى، مەنى........................268
ئۆمۈر - لۆمۈر بۇلاقى........................268
يامغۇر ياغلاق ........................269

مېنىڭ ئاپام ئاپئاق ............................ 270

چىڭگىل لەيلى ......................... 270

ئەيسا ئاكام.................................. 271

كۆن چىق ............................... 272

بىر باستىم، ئىككى باستىم ................ 272

تاققا ـ تۇققا (1)...................................... 273

تاققا ـ تۇققا (2).......................................... 274

چولىچاق ........................ 276

تېقىرچاق ........................ 276

قاغىلار قاق ................... 276

بەش پۆلۈمنى بەر، ئاداش.................. 277

خوپ بولۇڭ .................... 278

ھە دېگەنگە ھە بېرەي.......................... 278

جاقا ـ جۇمبۇرچاق ...................... 278

ئاسمانغا تاش ئاتتىم......................... 279

ئاداش ـ ئاداش بولايلى.......................... 279

بىر بالاڭنى بەرسەڭچۇ......................... 280

ئېھ ـ ئېھ، مەن ئاغرىق............................ 280

ئاخۇنزادە ئاپئاق........................ 280
مەن قۇشناچىم بىلەن .......................... 281
مەن موللام بىلەن............................ 281
چۆچۈرەك قاينايدۇ ............................ 281
لىڭگىر تايتاق................................ 282
قۇربان قۇرت ................................. 282
ئىمام ئاخۇنۇم، نەگە بارىلا..................... 282
كىگىزچى بىلەن شاگىرت.......................... 283
كەتتى - كەتتى، خاۋازا........................ 283
مىياۋ - مىياۋ مۇشۇكۇم......................... 284
داد، پادىشاھىم، داد.......................... 284
ھەر ھەپتىدە يەتتە كۈن......................... 285
قوتۇر - قوتۇر، شۇم قوتۇر....................... 285
جالدۇرجاقىم، جالدۇرجاق........................ 285
مالدىكى مەكرولار............................. 286
قاتار - قاتار تۆگىلەر.......................... 286
ۋاسسارى ..................................... 287
ۋاتىر - ۋات .................................. 288

ئۆھۆ - ئۆھۆ بوۋىسى......................289
تۇڭگۇر تۇك............................289
ئاق تەلەڭگە...........................289
يىغلىماڭ، قىز.........................290
مەن پاختەك............................290
ئاتاڭ نەگە كەتتى ......................291
ئوينىمايمەن ..........................291
قاپاق ................................292
بولدى - بولدى.........................292
بەخسەم - بەخسەم.......................292
ئالتە غاز.............................293
قۇشۇم بار.............................293
جىن بوپتۇ ............................294
ئەتىلىككە ھېيت .......................294
تۆگە - تۆگىلەڭ........................294
بېشىڭدىكى نېمىدۇر.....................295
ئاپتاپ چىق............................296
ٴاق مەخمەل پايپاق.....................296

ساناق ساناش ......................... 296
مەمەجان ........................... 297
قارا قاش خېنىم ......................... 298
قارلىغاچ ........................... 298
ئاق تەلەڭگە، كۆك تەلەڭگە........................ 299
خان بوۋا.............................. 300
ئانام ئايدەك............................ 300
ماي ............................... 301
مەن كەلدىم............................ 301
دۈگا - دۈگا قۇشقاچ.......................... 301
بۆرۈك - بۆرۈك باقى.......................... 302
چامغۇر يۇلۇش ......................... 302
ئەمبەل - چەيدو.......................... 302
تاي مونچاق .......................... 303
بالا ئاشلاش ......................... 303
ئەللەي قوشاقلىرى ...................... 305

# تۇرمۇش قوشاقلىرى



تۇرمۇش قوشاقلىرى



# ئاتا-ئانا، قېرىنداش ھەققىدە

ئاتالىقلار، ئانالىقلار
دەستە - دەستە گۈل.
ئاتاسىزلار، ئاناسىزلار
كۆيۈپ ئۆچكەن كۈل.

بۇ دۇنيادا ئۈچ نېمەرسە
ئىزدەپ تېپىلماس.
بىرى ئاتا، بىرى ئانا،
بىرى قېرىنداش.

ئاتامىۇ قىلمىغىن، دەيدۇ،
ئانامۇ قىلمىغىن، دەيدۇ.
دوستۇڭغا ئۇۋال قىلىپ
قىساسقا قالمىغىن، دەيدۇ.

گۈللىرىم تارام - تارام،
دۆلىتىم ئاتا - ئانام.
يار دېگەن كۆكۈل خۇشى،
تېپىلماس ئاتا - ئانام.

ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى،
بەك بولۇپ تۇمانٌ - مانان.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ
مېھرىبان ئاتا - ئانام.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
ئەل مېنى ساراڭ، دەيدۇ.
ئۆز ئاتام بىلەن ئانام
دەردى بار بالام، دەيدۇ.

قوينۇمدىكى توغاچنى
سىيادان سېلىپ ياققان.
ئاتامدىن كىچىك قېلىپ
مېھرىبان ئانام باققان.

مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جېنىم ئانامدىن ئايرىلىپ.

ئاتام باققان، ئانام باققان،
بېقىپ قاتارىغا قاتقان.
ئەزىز بېشىمنى ياد ئەيلەپ
مازارلارغا چىراغ ياققان.

ئاتام بولسا كۆرسەم مەن،
ئانام بولسا كۆرسەم مەن.

ئاتام بىلەن ئانامنىڭ
ئاياغىدا ئۆلسەم مەن.

ئاتادەك مېھرىبان قايدا،
ئانادەك مېھرىبان قايدا؟
ئۇلاردەك ئىچ كۆيەر قايدا،
غېرىب بولغان بالاڭ قايدا؟

ئاتامىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن،
ئانامىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن.
قېرىنداش بولغان بىلەن
كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەن.

ئاق سارايىڭ بار ئىكەن،
زەدىڭۋالىڭ يوق ئىكەن.
ئاتا ـ ئاناڭ بولمىسا،
ئەتىڭۋارىڭ يوق ئىكەن.

ئېگىز قارىغاي تاغدا
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
بىز يېتىم بولۇپ قالدۇق،
ئاتا ـ ئانىلار قايدا؟

ئېتىكىنىڭ خۇيى يامان،
سۇندۇردى ئېگەرىمنى.
ئاتام بولسا ئالاردىم
قارا قاش جىگەرىمنى.

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار،
ئاناسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
مۇساپىر بولمىغان كىم بار؟

يەرلىكنى كولاۋېتىپ
كەتمەن قايرىلىپ كەتتى.
جېنىمغىنا شۇ ئانام
داغدا قان يۇتۇپ ئۆتتى.

يا ئاتادىن ئېيتماپتۇ،
يا ئانادىن ئېيتماپتۇ.
بىتەلەي يېتىم ئۆزۈم،
قېرىنداشتىن ئېيتماپتۇ.

ئاتاسى بار، ئاناسى بار،
تاۋاردەك ئەتىۋا باللار.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
ھەر جايدا خارۇزار باللار.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ
سېپىل تۇۋىگە خەندەك.
ئاتاسىدىن ئايرىلىپ
ھېچكىم بولمىسۇن مەندەك.

دۇنيادا نېمە ياخشى؟
ئاتا بىلەن ئانا ياخشى.

بىۋاپا قېرىنداشتىن
ۋاپادار ئاشنا ياخشى.

تاغ بېشىدا ئولتۇرسام،
قۇرغۇي قوندى بېشىمغا.
مەن ئانامنى ياد ئەتسەم،
ئېتەك تولدى يېشىمغا.

باغقا كىرسەم باقىدۇ،
بۇلبۇل قاناتىن قاقىدۇ.
يىغلىماڭ، جانىم ئاتا،
بىزنى خۇدايىم باقىدۇ.

گۈل ئېچىلدى باغلاردا،
بېرىپ كۆرسە بولمامدۇ؟
ئاتا ـ ئانىمىز يوقتۇر،
رەھىم قىلسا بولمامدۇ؟

ئاققىنا گۈمبەز ئىچىدە
ئاقىرىپ ياتقان ئانام.
بىۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ،
مېنى يېتىم قىلغان ئانام.

غېرىب دەيدۇ، غېرىب دەيدۇ،
غېرىب بولماسقا چارەم يوق.
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى
مېنىڭ تارتماسقا چارەم يوق.

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.
يېتىم بولۇپ قالدىمەن،
يىغلىماي كۈنۈم ئۆتمەس.

بېغىڭ بەكمۇ ھاۋالىق،
كۆرسەم كۆڭلۈم سەگىيدۇ.
ئانامنى خىيال قىلسام
كۆزدە ياشىم ئەگىيدۇ.

ماش رەڭ چاپىنىم بارتى،
ئوت چاچراپ كۆيۈپ كەتتى.
جېنىمغىنا شۇ ئانام
يامان چاغدا ئۆلۈپ كەتتى.

ئاتادەك غەمگۇزار قايدا؟
ئانادەك مېھرىبان قايدا؟
سېنىڭدەك بىگۇيا يارغا
مېنىڭدەك ئىچ كۆيەر قايدا؟ !

ئوڭ قاناتىم ئاي ئاتام،
سول قاناتىم ئاي ئانام.
باشقۇرۇق بولغان قېرىنداش،
غەمگۇزارىم جان ئاتام.

مەن ئاتامنىڭ دۆلىتىدە
ئولتۇرۇپ ئاچتىم كۆڭۈل.

ئولتۇرۇپ خەندانە كۈلسەم،
قىپقىزىل ئاچىلدى گۈل.

ئېگىز تاغقا چىققاندا،
تاشلىۋەتمە ئاتاڭنى.
مىلتىق ئوقى تەگمىسۇن،
تارتىپ ئۆلسەڭ جاجاڭنى.

ئەسسالام، دەپ ئۆيگە كىرسەم،
ئىلكىگە ئالغان ئاتام.
كېچە - كۈندۈز كۆتۈرۈپ،
ئاق سۈت بېرىپ باققان ئانام.

پاك تۇتۇپ، ساپساق تۇتۇپ،
سۈننەت قىلىپ ئۆستۈردىلەر.
تاپقىنىنى يېدۈرۈپ،
قاتمۇ قات كىيدۈردىلەر.

تاغلار باشىغا چىقسام،
ئانام كۆرۈنەرمىكىن؟
ئانامدىن خەۋەر كەلسە،
كۆڭلۈم سۆيۈنەرمىكىن؟

كېتەي ئەمدى، كېتەي ئەمدى،
ئاتام قالسۇن، ئانام قالسۇن.
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ
ئىچىدە چوغلىرى قالسۇن.

مەن بۇياقتىن قارىسام،
يۇرتۇم تۇز كۆرۈنەر.
شۇنچە خەق ئاراسىدا
جانىم بالام ئۇز كۆرۈنەر.

دۇنيا دېگەن يوپيورۇق،
لەھەت ئىچى قاپقارا.
قاپقارا يادىڭدا بولسۇن،
ياخشى ئىشقا ئالدىرا.

يولدا ئۆتكەن شۇ گادايىنىڭ
ئاتىسى ئۆلگەنمىكىن؟
يۈزىگە شورپا تۆكۈلدى،
قاچارلىرى كۆيگەنمىكىن؟

ئاتامۇ ئۆلۈپ كەتتى،
ئانامۇ تاماس قالدى.
ئاتام بىلەن ئانامدىن
ئاي گۈللۈك پالاس قالدى.

رازى بولغىن، جان ئاتا،
ئاق سۈت بېرىپ باققان ئانا.
خۇشلۇقۇڭ جەننەتتە بولسۇن،
قىلمىدىم بۇرچۇم ئادا.

يەتتە ئىقلىم ئاراسىدا
ئايلىنۇر باشىم مېنىڭ.

ئايغى چىقماس بوۋاقتەك
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.

ئاققىنا گۈمبەز ئىچىدە،
ئاقىرىپ ياتقان ئانام.
چۆرىسىگە گۈل تېرىپ،
بىزنى يېتىم قىلغان ئانام.

گۈمبىزىڭنى ئايلىنىپ،
تاڭ سەھەردە يىغلايمەن.
مۈشكۈلۈڭ بولسۇن ئاسان،
خۇدايىمدىن تىلەيمەن.

سىرتتا بوران گۈللىرى
ئېچىلىپتۇ ساپسېرىق.
ياخشىلىق نېسىپ قىلسا،
گۆردە بولۇرسىز ئاقىرىپ.

مەن ئاتامنىڭ ۋاقتىدا،
ئوغلان ئىدىم، بىر خان ئىدىم.
بۇ مېنىڭ ئوغلان بېشىم،
مۇڭغا قالۇرنى بىلمىدىم.

ئوڭ قاناتىم سۇندى مېنىڭ،
يالغۇز قانات ئۇچماس ئاسان.
مۈشكۈللىرىم كۆپتۇر مېنىڭ،
ئەمدى بولمايدۇ ئاسان.

جان چىقاردا بولالمىدىم،
پاناھىم قاشىڭدا سېنىڭ.
قايغۇ ـ ھەسرەت تاغلىرى
سىيرىلدى باشىمغا مېنىڭ.

مەن ئاتام دەپ يىغلىسام،
كۆزۈمدىن ياش قۇرۇماس.
توختىسا توختار يېشىم،
ئاتامغا ھېچكىم ئوخشىماس.

ياخشى ئاتا مەندە يوق،
ياخشى قېرىنداش مەندە يوق.
ئېغىر قورساق كۆتۈرۈپ
تۇغقان ئانام ئالدىمدا يوق.

ئاتام بولسىغۇ مېنىڭ،
غېرىب بولماس ئىدى باشىم.
غېرىبلىق شەھىرىدە يىغلاپ
كۆزۈمدە قالمىدى ياشىم.

يېتىمنىڭ ئاتاسى يوق،
بېلىدە پوتاسى يوق.
بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا،
ئاخىرى ۋاپاسى يوق.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل
خۇداغا نالە قىلمامدۇ؟

ئاتامىز يوق، ئانامىز يوق،
خۇدايىم رەھمى قىلمامدۇ؟

يېتىم دەيدۇ، يېتىم دەيدۇ،
يېتىم قىلسا خۇدا قىلغان.
ئاتالاردىن، ئانالاردىن
جۇدا قىلسا خۇدا قىلغان.

ئاق جۇجەم پىشتى، تۆكۈلدى،
يېۋىدىم تاتلىق ئىكەن.
دۇنيانىڭ مازۇزلىقى
ئاتام بىلەن ئانام ئىكەن.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى
نەدەپ تۇغدىكىن؟
شۇ كۆنلەرگە قالارىمنى
بىلمەپتىمىكىن.

ئاتام بىلمەس، ئانام بىلمەس
مېنىڭ ھالىمنى.
ئۈستۈن خۇدا ـ ئىگەم بىلۇر،
سارغايغانىمنى.

ئاتىلىقلار ئاتام دېسە،
قۇيۇلدى ياشىم.
ئانىلىقلار ئانام دېسە،
ئېگىلدى باشىم.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
ئۆلۈم بولمىسا.
ئۆلگەنلەرگە بېھىش بولسا،
دوزاخ بولمىسا.

يامان يولۋاس يولدا يېتىپ
شىرغا يول بەرمەس.
ئاتاسىدىن قارغىش ئالغان
ئىلگىرى كەلمەس.

دادامنىڭ تۇغقانلىرى يېقىن ئۇچۇن
كۈندە كۆرۈشتى.
ئاپامنىڭ تۇغقانلىرى يىراق ئۇچۇن
يىلدا كۆرۈشتى.

قېرىنداشنى يەرگە سېلىپ
تېرىسام ئۈنمەس.
كۆز يېشىمنى دەريا قىلىپ
سۇغارسام قانماس.

مەن ئېتىمنى باغدا دېسەم،
يۈرۈپتۇ سايدا.
بىر ئاتىدىن ئۇچلا ئىدۇق،
بىرىمىز قايدا؟

يازغى بۇغداي مايسا بولدى،
كۈزگى بۇغدايلار قېنى؟

جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
جان قېرىنداشلار قېنى؟

كېچە - كۈندۈز خىيال ئەيلەپ،
كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمايدۇ.
مېنىڭ بىچارە ھالىمنى
قېرىنداشلار سورىمايدۇ.

ئاتامىمۇ ئۆلۈپ كەتتى،
ئانامىمۇ ئۆلۈپ كەتتى.
بىر تۇغقان قېرىنداشتىن
كۆڭلۈم بۆلۈنۈپ كەتتى.

ئاقتى ياشىم، تامدى ياشىم،
شېشىلەر باشىم.
مەن ئۆلگەندە ياخشى يىغلاڭ،
جان قېرىنداشىم.

ئەتىگەندە چىلىلىغىلى
چار خوراز ياخشى.
ھالداشقىلى، مۇڭداشقىلى
قېرىنداش ياخشى.

# غېرىب-مۇساپىرلىق ھەققىدە

قوۋۇق ئالدىدىن ئاتلىنىپ ئىدىم،
تۇتۇلدى تۇمان.
ئاتمۇ ياخشى، پۇلمۇ ياخشى،
غېرىبلىق يامان.

غېرىبتۇرمەن، غېرىبتۇرمەن،
يار غېرىبتۇرمەن.
غېرىبلىققا چىدىيالماي
سارغىيىپتۇرمەن.

بۇ مېنىڭ سارغايمىقىم
غېرىبلىقىمدىن.
ئويناپ - كۈلۈپ جان تاپمىقىم
تېتىكلىكىمدىن.

ئىندەپ - ئىندەپ ئېلىپ كەلدىڭ
غېرىب شەھرىڭگە.
مىجەزىمىز قاملاشمىسا
ياندۇر شەھرىمگە.

توققۇزتارا بىر يۇرت ئىكەن،
يۈز بىر كۈن تۇردۇق.
مەن – مەن دېگەن چوكانلارنىڭ
ھالىنى سورىدۇق.

ئېگىز قارىغاي تاغدا،
سۇلار ئاقىدۇ سايدا.
بىز مۇندا غېرىب بولدۇق،
ئاتا – ئانىلار قايدا؟

ئاشخانىغا مەن كىرسەم،
چىنىتەخسىدە ئاش كەلدى.
يۇرتلارنى خىيال قىلسام
قارا كۆزۈمگە ياش كەلدى.

غېرىب بولدۇم، غېرىب بولدۇم،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
يېتىم بولغانغا يىغلايمەن.

ئايا دوستلار، بۇرادەرلەر،
تاماشا قىل مۇساپىرغا.
غېرىبلار شەھىرىدە يىغلاپ،
خازان بولغان مۇساپىرغا.

غېرىبلىق شەھرىدە يىغلاپ،
ئېقىپتۇر مېنىڭ ياشىم.

ئۆزۈم ئۇنداق يۇرەدۇرمەن،
قايان قالدىڭ، قېرىنداشىم؟ !

ئاتام بارمۇ بۇ شەلەردە،
ئانام بارمۇ بۇ شەلەردە؟
ئاتا ـ ئانام بولمىسا،
نېمە قىلاي بۇ شەلەردە؟

ئاتاسىز قىلدىڭىز، كۆڭلۇم،
ئاناسىز قىلدىڭىز، كۆڭلۇم.
كىشى شەھىرىگە تاشلاپ،
ماكانسىز قىلدىڭىز، كۆڭلۇم.

بىز تۇرپانغا چىققاندا،
ئالتىنچى ئايدا روزىدى.
غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
ئاتا ـ ئانام بولسىدى.

نەمەنگان شەھىرىدىن چىقسام،
مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟
غېرىبلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
ماڭا يىغلار كىشى بارمۇ؟

قازاندەك قايىنىدىم، تاشتىم،
كېزىپ چۆللەر، داۋان ئاشتىم.
غېرىبلىق شەھىرىگە چۈشتۇم،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

قېنى قۇۋم ــ قېرىنداشىم،
بۇ يولدا يوقمۇ يولداشىم؟
كۆزۈمدىن قان ئاقار ياشىم،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

ئاشارمەن دەشت بىلەن سەھرا،
كېزەرمەن چۆل بىلەن دەريا.
كېيىكلەرگە بولۇپ ھەمراھ،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

تۇرارغا تاقىتىم يوقتۇر،
كېتەرگە ھالىتىم يوقتۇر.
كاككۇكلار، بۇنى ئۇقتۇر،
مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

قۇم قازان تۇتقان بىلەن،
قولۇمدا يوقتۇر كۆگىسى.
غېرىب بولۇپ يېدىم تاياق،
دولامدا كۆپتۇر يارىسى.

نە قىلاي، نېمە قىلاي،
بۇ ئۆلۈمگە چارە يوق.
مەن ئۆلۈپ لەھەتتە ياتسام،
ھېچ كىشىنىڭ كارى يوق.

دەردىنىمۇ تارتقان بىلەر،
ئاغرىقىنىمۇ تارتقان كىشى.

بىز غېرىبنىڭ ھالىنى
يار ئىشقىدا يۈرگەن كىشى.

ساماندەك سارغىيىپ بولماس،
بۇلۇتتەك ئاقىرىپ بولماس.
خۇدا بەرگەن ئەزىز جاننى
يامانغا خار قىلىپ بولماس.

خوي غېرىب بولدى كىشى
باغداش دېگەن تاغ ئىچىدە.
قاناتىم بولسا ئۇچارمەن
قاپقاراڭغۇ كېچىدە.

تاغدا كېيىك بالىسى،
سەنمۇ يېتىم، مەنمۇ يېتىم.
مەن سېنى يوقلاي دېسەم،
يوقتۇر مېنىڭ ئاق بوز ئېتىم.

مەن ئۆزۈم كىچىك بالا،
ئىككى توقۇم سالدۇرمىدىم.
كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ،
كىچىكلىكنى چاندۇرمىدىم.

ئۇششاق بالىلار ئوينايدۇ،
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ.
مۇساپىرلار يىغلايدۇ،
ئۆز شەھرىنى ياد ئېتىپ.

غېرىب يېتىم بىچارىلەر
تاملارغا قارالاپ ياتقۇدەك.
چارىسىنىڭ يوقىدىن،
كۈندە مىڭ سارغايغۇدەك.

مەندۇرمەن بىر مەستانە،
جىگەرلەر كاۋاپخانە.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
ئەزرائىل سەمەرخانە.

ئانداق ئەتمەكلەر مېنى،
مۇنداق ئەتمەكلەر مېنى.
ئاقىۋەت لازىم بولۇرمىز،
تاشلىۋەتمەكلەر مېنى.

قانداق قىلاي، نېچۈك قىلاي،
بۇ ھەيرانلىقنى.
پېشانەمگە پۈتكەنىكەن
سەرگەردانلىقنى.

ھۆل پاختا، بۇزۇق چۈغرۇق،
چىگىت چاققاننى ئېيتايمۇ.
كىشىنىڭ شەھىرىگە بېرىپ،
غېرىب بولغاننى ئېيتايمۇ.

غېرىبدۇرمەن، غېرىبدۇرمەن،
زار غېرىبدۇرمەن.

غېرىبلىقتا زەپىراندەك
سارغىيىپدۇرمەن.

بۇ مېنىڭ سارغايغىنىم
غېرىبلىقىمدۇر.
ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەنلىرىم
نادانلىقىمدۇر.

يۇقىرى بارغۇم تولا،
باراي دېسەم كارىم تولا.
شۇ غېرىبلىق شەھرىدە
جېنىم قەپەستە مۇپتىلا.

قارا ياغاچ يوپۇرماقى،
قاتمۇ قات بولار ئىكەن.
ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان،
مۇساپىر بولار ئىكەن.

يارىم بولسىدى مېنىڭ،
غېرىب بولماس ئىدى باشىم.
غېرىبلىق شەھرىدە يىغلاپ
كۆزۈمدە قالمىدى ياشىم.

باغنىڭغا كىرەر بولساڭ،
قولۇڭغا پەنەر ئالغىن.
شەرىڭگە مۇساپىرمەن،
ھالىمدىن خەۋەر ئالغىن.

جانىۋارنىڭ ھالىنى
قونغان تېرەكلەردىن سوراڭ.
بىز غېرىبنىڭ ھالىنى
كۆڭلى يېقىن ياردىن سوراڭ.

ئۆرۈك ئوتۇننى قالاپ،
سۇنى سېپىپ ئۆچۈرسىلە.
بىز يېتىمنىڭ ھالىنى
ئويناپ - كۈلۈپ كەچۈرسىلە.

چاكانداڭنى سوقۇپ سالسا،
قازاندا چايى بولمامدۇ.
مۇساپىرغا كۆڭۈل بەرسە،
ساۋابى ئاندا بولمامدۇ.

ئالما شېخى، گۈل شېخى
ئەگمىگۈچە قايرىلماس.
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار،
ئۆلمىگۈچە ئايرىلماس.

ئاتام مېنى نەدە دېسە،
چۆل يەردە دەڭلار.
كۆزىدە ياش، كۆڭلىدە غەم،
يۇرىدۇ دەڭلار.

بۆكۈمنى ئۇزۇن كىيدىم،
تونۇم قىسقا ئۇچۇن.

غېرىبلىق ئەسىر قىلدى،
قولۇم قىسقا ئۇچۇن.

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
تەستۇر يەتمىشىم.
غېرىبلىقنىڭ ئازابىدىن،
قاتماقتا بېشىم.

نە قىلاي، نېمە قىلاي،
غېرىب كۆڭۈلنى ئويلىماي.
ئەر بولسام كەتمەسمىدىم،
باش - كۆزۈمنى ئورىماي.

توخۇ چىللاپ تاڭ ئاتمايدۇ
مەن بىلەن قېرىشقاندەك.
غېرىب مەن، مۇساپىرمەن،
لاچىن سوققان توشقاندەك.

شوتا قويدۇم شاتۇتقا،
بىز مۇساپىر بۇ يۇرتقا.
مۇساپىرنى خار كۆرمەڭ،
يېنىپ كېتىمىز ئۆز يۇرتقا.

بۇ دەرەخ ئىگىز دەرەخ،
ئۇچىنى كەسمەيلىمۇ.
مۇساپىر بولۇپ يۈرگۈچە،
ئۆز يۇرتقا كەتمەيلىمۇ.

غېرىب ئاۋارىدۇر كۆڭلۈم،
ماڭا تېپىشىنىچ ماكان بولماس.
غېرىبلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم،
خۇنۇم ئەلگە ئايان بولماس.

يەمشى يوللىرى سايدۇر،
مىنگەن ئاتلىرى تايدۇر.
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار
بەجائى تولۇن ئايدۇر.

ئېتىم ئالدىدا كەتتى،
قامچام يايلىغا يەتتى.
ھەزرىتىم، دېگەن بىلەن،
غېرىبلىق ماڭا يەتتى.

دۇتارىمنىڭ تارى يوق،
ئۆزۈم چالماققا چارى يوق.
دەردى بارلار تىڭشايدۇ،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

ئاق ئەلەم، يېشىل ئەلەم،
يارىمنىڭ قېشى قەلەم.
ھېچ كىشىگە كەلمىسۇن،
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.

بېشىمغا بالا كەلدى،
يىغلىماي كۆنۈم ئۆتمەس.

هاراق ئىچىدۇ دەيدۇ،
تاماكا تارتىدۇ دەيدۇ.
هەر كىم هەر نېمە دەيدۇ،
دەرد كەلمەيدۇ، بىلمەيدۇ.

ئىشىك ئالدى كەڭ ئېرىق،
كەڭ ئېرىقتا مىڭ بېلىق.
سەن ئۇ يەردە، مەن بۇ يەردە،
سەن مۇساپىر، مەن غېرىب.

ئېرىقنىڭ تېگى قاتتىق،
چاپاي دېسەم كەتمەن يوق.
بۇ ئالەمدە ئىزدىسەڭ،
مەندەك غېرىب، دەردمەن يوق.

مەن ئۆلسەم ئېتىم يىتەر،
بېشىمدىن شامال ئۆتەر.
مېنى دېگەن دوستلىرىم،
ئاه ئۇرۇپ يىغلاپ كېتەر.

قارلار يېغىپ ياز بولمايدۇ
باغداشنىڭ تاغى.
دەرد كەلگەندە پايلىمايدۇ
يۇرەكنىڭ داغى.

قارا كېچە، قارا ياغاچ،
مېنىڭ يولداشىم.
يوپۇرمىقى شىلدىرلايدۇ،
تۆكۈلدى ياشىم.

ئېتىمنى توقۇپ قويدى،
چىۋە – ئۈلىگىنى تارتماي.
بۇ دەردلەرنى كىم تارتسۇن،
سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي.

دۇتار چېلىپ ئولتۇرسام،
ئاغرىدى مېنىڭ باشىم.
ئاھ ئۇرىمەن قان يۇتۇپ،
تۇتار سېنى كۆز ياشىم.

دۇتار چالمىسام ياخشى،
چالسام ئېيتىمەن ناخشى،
ئىچىمدىكى دەردىمنى
ئەلگە ئېيتمىسام ياخشى.

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىب يولىنى باغلار.
غېرىب ئۆلسە كىم يىغلار؟
غېرىبقا غېرىب يىغلار.

غېرىب ئاۋارىدۇر كۆڭلۇم،
غېرىبتا ماكان بولماس.

غېرىب بوپ ئۆلۈپ كەتسەم،
كۆمگىلى كېپەن بولماس.

داۋاندىكى قورغاننى
غېرىب جايى، دەيدىكەن.
غېرىبلارنىڭ ئاھ - زارى
خۇدايىمغا يەتسىكەن.

غېرىبتۇر مېنىڭ باشىم،
كۆزۈمدىن ئاقار ياشىم.
يوقتۇر مېنىڭ يولداشىم،
يېقىن قوۋم - قېرىنداشىم.

سەنمۇ غېرىب، مەنمۇ غېرىب،
چۆللەرگە بۇغداينى تېرىپ.
خاماندا قۇرۇق قېلىپ،
خانلەيلۇن ئېيتقان غېرىب.

داۋانچىگىدىكى قورغان
يېتىم بالىنىڭ جايى.
يەتمەمدۇ خۇدايىمغا
غېرىب بالىنىڭ ئاھى.

غېرىب بىچارىلەر كۆپتۇر،
مېنىڭدەك بولغىنى يوقتۇر.
مېنىڭدەك بولغىنى بولسا،
كۆيۈپ كۈل بولغىنى يوقتۇر.

كېتىپ بارىدۇ دەردمەن،
قولىدا يوغان كەتمەن.
دەردىڭنى ماڭا ئېيتما،
مەن سەندىن يامان دەردمەن.

ئۈچتۆرپاندىن ئات ئېلىپ
مىنىپ كەلدىم يۈگەنسىز.
بۇ يۇرتقا مۇساپىرمەن،
بىر قاراپلا بىلگەنسىز.

ئاتامنى كۆرگىنىڭ بارمۇ؟
ئانامنى كۆرگىنىڭ بارمۇ؟
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ
ھالاۋەت سۈرگىنىڭ بارمۇ؟

ئاتاسىز قىلدىڭىز بىزنى،
ئاناسىز قىلدىڭىز بىزنى.
ئاخىرى جۇدالىقتا
ماكانسىز قىلدىڭىز بىزنى.

ئوسما قويغان خان قىزى
ئۆز قېشىنى داغلايدۇ.
غېرىبلىقنىڭ دەردىنى
كىمگە ئېيتسام ئاڭلايدۇ؟

ئاق بەلۋاغمۇ توقۇيمەن،
كۆك بەلۋاغمۇ توقۇيمەن.

مەن غېرىبىنىڭ دەردى بار،
شۇڭا غەزەل ئوقۇيمەن.

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
ئەجەب بولغانغا يىغلايمەن.
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
غېرىب بولغانغا يىغلايمەن.

قىچقىرىپ كەلگەن كاككۇكنىڭ
ئۈنى ھەر چاغدا غېرىب.
كەلگىنە بىز مۇڭدىشايلى،
سەن مۇساپىر، مەن غېرىب.

يارنىڭ بېغىدا ئۈزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
بۇ يۇرتقا مۇساپىرمەن،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

بۇغداي تېرىدىم بىر دانە،
ئۈنۈپ چىقتى مىڭ دانە.
ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ،
ئەمدى بولدۇم دىۋانە.

لاچىن سوقىدان توشقاننىڭ
جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.
بىزدەك غېرىب مۇساپىرنىڭ
بۇ يۇرتتا نېمەسى بار؟

ئاق قۇشقاچىمۇ ساھرايدۇ
چاڭگىسىنى تاپالماي،
مۇساپىر باللا يىغلايدۇ
ئۆز يۇرتىنى تاپالماي.

دۇتار چالىمەن ئۆزۈم،
يىغلايدۇ قارا كۆزۈم.
مەن مۇساپىر بۇ يۇرتقا،
ئۆتمەيدۇ مېنىڭ سۆزۈم.

ئېگىز تاغ ئاراسىدا
ئۇلاي، كەكلىك سايرايدۇ.
سايرىغان ئۇلاي ئەمەس،
مۇساپىر باللار يىغلايدۇ.

شوتىنى قويدۇم شاتۇتقا،
مەن مۇساپىر بۇ يۇرتقا.
كەلگىنىم يامان بولسا،
قايتىپ كېتەي ئۆز يۇرتقا.

مەن ئۆزۈمنىڭ يۇرتىدا
بەگ ئىدىم ھەم خان ئىدىم.
ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ،
مۇنداق بولارنى بىلمىدىم.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى پاتقاق،
پۇتۇمنىڭ پاتقىنى پاتقان.

يۇرتۇڭغا مۇساپىرمەن،
بېشىمنىڭ قاتقىنى قاتقان.

ئېتىم جەدە، ئېتىم جەدە،
ئېتىمنىڭ قۇيرۇقى يەردە.
ماڭا غېرىبلىق يەتتى،
مېھرىبان ئانام نەدە؟

غۇلجا دېگەن شەھەرنىڭ
ئالمىسى تولا ئىكەن.
غېرىبچىلىق ماڭا يەتتى،
كەلمىسەم بولار ئىكەن.

قامچام يانىمدا قالدى،
ئاتىم ئالدىمدا كەتتى.
ئۆز يۇرتۇم دېگەنىملەن،
غېرىبچىلىق ماڭا يەتتى.

كۆكتىن يامغۇر تۆكۈلدى،
ئوچاقتا ئوت گۇركىرىدى.
خەقنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
ئىسسىق يېشىم تۆكۈلدى.

كۆكتە ئۇچقان قۇش ئىدىم،
ئەمدى پېيىم سۆكۈلدى.
خەقنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
ئىسسىق يېشىم تۆكۈلدى.

ئۆرگىلىپمۇ، چۆرگىلىپمۇ
باغقا كىردى كېپىلە[1].
كىشى يۇرتىدا غېرىب بولدۇق،
بىز بۇ يەردىن كېتىلە[2].

ئىشىك ئالدىك قوش ئېرىق،
قوش ئېرىقتا قوش بېلىق.
ئەجەبمۇ يامانىكەن،
ئۆزگە يۇرتتا غېرىبلىق.

يۇرتۇم گۈزەل كېرىيىدە،
ئوينايتتۇقمۇ بىر يەردە.
سېغىنىدىڭمۇ، دوستلىرىم،
غېرىب بولغان كۈنلەردە.

ئىشكايلامدا قوش ئېرىق،
ئۆتۈپ كەتتى بەش بېلىق.
شۇنداقمۇ يامانىكەن،
ئۆزگە يۇرتتا غېرىبچىلىق.

ئىككى جەرەن ئاتۇرمىز،
بىرىنى بىرىگە چاتۇرمىز.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
بەش - ئالتە كۈن ياتۇرمىز.

---

① كېپىلە ـــ كېپىنەك مەنىسىدە.
② كېتىلە ـــ كېتەيلى مەنىسىدە.

# ياشلىق ۋە قېرىلىق ھەققىدە

ياشلىقىم ــ پاشالىقىم،
ھەر تەرەپتىن گۈل كېلۇر.
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن
مېنىڭ يېنىمغا كىم كېلۇر؟ !

ئوقەت قىلمىدىڭ دەيدۇ،
ئۆينىڭ چوڭىدىن باشلىق.
دەريا سۈيىدەك ئېقىپ
كېتىپ باردۇ ياشلىق.

سەن ئېتىڭنىڭ بارىدا،
دۆڭگە چاپ، ئويمانغا چاپ.
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن،
ئوقۇرغا كەلگەي ـ كەلمىگەي.

سەن قۇشۇڭنىڭ بارىدا،
غازغا سال، ئۆردەككە سال.
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن،
قولۇڭغا كەلگەي ـ كەلمىگەي.

سەن پوتاڭنىڭ پارىدا،
ئىككى قاتلاپ بىر باغلىغىن.
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن،
بېلىڭگە يەتكەي ـ يەتمىگەي.

تۇرپى زىننەتلەر بىلەن
قېرى كىشى ياش بولماس.
مەيدىدە قۇۋۋەت بولمىسا،
مانتا ـ پولۇ ئاش بولماس.

مەن تېخى قېرىمىدىم،
قېرىدى، دەيدۇ بىراۋ.
يىگىتلىك شەبنەمىدىن
بېشىمغا چۈشكەن بۇ قىراۋ.

ئالمىنىڭ ئېقى،
شاپتۇلنىڭ قېقى.
ياشلىقىمنى سىندۇرغان
ساقىلىمنىڭ ئېقى.

ئوت بېشىدا ئولتۇرۇپ
ئوت كوچىلاتقان قېرىلىق.
كېلىن بىلەن بالىغا
ئۆچ كۆرسەتكەن قېرىلىق.

خەپرۇك بىلەن تۇكۇرۇككە
جور قىلىپ قويغان قېرىلىق.

كۆزدىن ياشنى ئاقتۇرۇپ،
بەلدىن ئالغان قىرىلىق.

بۇرۇن سۈيى شۇرقىراپ،
ئۆمىلەتكەن قىرىلىق.
تىزدىن قۇۋۋەت كەتكۈزۈپ،
يالۋۇرۇتقان قىرىلىق.

قاراپ تۇرۇپ پارقىرىتىپ،
خور قىلدىڭغۇ قىرىلىق.
يىگىرمە ياش ۋاقتىمنى
سەن ئەسلەتتىڭ قىرىلىق.

ئاشنا تۇتسا قىرىنى،
پەدا قىلار جىنىنى.
بىر قاپاقتا يېغى بار،
كۆمەچ ئېتەر بىرىنى.

گۈللۈك باغقا تور سېلىپ،
تۇتۇۋالدىم ھىرىنى.
بىر بۇلۇڭغا سولىۋالدىم،
ئەللىك - ئاتمىش قىرىنى.

ئون تاغاردا ئۇن باركەن،
كۆمەچ ئەتتى بارىنى.
كۆمىچىنى يەپ بولۇپ،
قوڭىغا تەپتىم قىرىنى.

قېرىنى قېرى دېمەڭ،
قېرى ئالۋانچى بولۇر.
قېرىنىڭ بىر تال تۇكى،
موزايغا باغلانچى بولۇر.



# يالغۇزلۇق ھەققىدە

ئانىكام تۇغۇپتىكەن،
بىچارە بولغان باللىنى.
خۇدايىم بەرمەپتىكەن،
قاشى قارا ھەمراھىنى.

ئىچكىلى چاي بولمىسا،
ئولتۇرغىلى جاي بولمىسا.
ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
كۆڭلۈمدىكى ئاي بولمىسا.

ئۆينىڭ ئالدىدا ئېرىق،
شىلدىرلايدۇ بىر بېلىق.
ئەجەبمۇ يامانىكەن،
يارى يوق غېرىبچىلىق.

ھاۋانىڭ تۇمانلىقى،
ئاسماندا ئاينىڭ يوقلۇقى.
بۇ مېنىڭ خامۇشلۇقۇم،
يانىمدا يارنىڭ يوقلۇقى.

كاككۇك قوندى تېرەككە،
قوغۇن چۈشتى پېلەكتە.
ھېچكىم قاراپ قويمىدى،
مەندەك ئاجىز دېدەككە.



# ئۆگەي ئانا ھەققىدە

نان بەرسە كۆيۈك بەردى،
ئاش بەرسە سۆيۈق بەردى.
ئەجەبمۇ يامانىكەن،
يېتىمغا ئۆگەي دەردى.

قەبرىستانلىققا مەن كىردىم،
تۇرغىن، ئانا، سالامىم بار.
ئۆگەيلىكتىن زار قاقشاپ،
ساڭا ئېيتار زارىم بار.

سۆيۈق - سەلەڭ ئاش ئەتتىم،
گۆشنى توغراپ چامغۇردەك.
ئۆگەيلىكنىڭ دەردىدە
يېشىم ئاقتى يامغۇردەك.

ۋاي - ۋاي، پاشىنىڭ دەردى،
ۋاي - ۋاي، كانىنىڭ دەردى.
شۇنچىمۇ يامان ئىكەن،
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.

ئانا دەيمەن، ئانا دەيمەن،
ئۆز ئانامغا زار بولۇپ.
ئۆگەي ئانا ئالدىدا
غازاڭلاردەك خار بولۇپ.

ئۆگەي ئانا ئالدىدا
ئەتىۋارىم قالمىدى.
ئەركىم بىلەن ئويناشقا
ئىختىيارىم قالمىدى.



# بويتاقلار قوشىقى

خوتۇنسىز ئەرنىڭ كۈنى،
پۇت - قولۇڭنى تىندۇرماس.
ئەقىللىق دانا كىشى
ئاجىز كۆڭۈلنى سۇندۇرماس.

خوتۇنۇم هايات چاغدا،
ئوينار ئىدىم گۈلباغدا.
ساراڭدەك بولۇپ قالدىم،
خوتۇن ئۆلۈپ قالغاندا.

خوتۇن تىككەن بەش ياستۇق
بىر يىلدىلا بۇزۇلدى.
غەمدە كېچىسى ئۇيقۇ يوق،
كۆزدىن ياشلار تۆكۈلدى.

خوتۇنۇمغا ئەركىلەپ،
ئىچمەس ئىدىم هەرگىز ئاش.
ئۇگۈت قىلماي ئۇن تارتسام،
غىچىر - غىچىر ساپلا تاش.

ئۈماچ ئىچتىم كۆپەرەك،
خوتۇنۇمنىڭ يوقىدىن.
خوتۇنۇمغا قوشۇلۇپ
ئوتۇنۇمنىڭ يوقىدىن.

ئەر بولسا، تۇل بولمىسا،
پۇل بولسا، قۇل بولمىسا.
ئىلاجسىز يۇرۇپ باقتىم،
خوتۇن تۇرماس پۇل بولمىسا.

ئۆيگە كېلىپ شۇ كۈنى،
پۇل تېپىشقا ئىنتىلدىم.
ئاخىر بېرىپ بىر بايغا
يىللىقچى بوپ سېتىلدىم.

يىل توشقاندا خوجايىن
ئۆڭۈپ قوپتى دەرغەزەپ.
«ھېساب قىلاي دېمەيسەن،
يېگەن ـ ئىچكەننى ئەجەب.»

دەپ تەگەشنى باشلىدى،
تاز بېشىنى قاشلىدى.
ئەقلىم شۇئان ئىشلىدى،
بۇ ماكاندىن قاچ، دېدى.

مەن كېچىچە ئۇخلىماي،
ئىشىمنى توغرىلىدىم.

باينىڭ ئېغىلىدا يېتىپ،
بىر ئاتنى ئوغرىلىدىم.

باش توخۇ ئىشىك ئاچتىم،
مورۇيغا قاراپ قاچتىم.
بايلار تۇيۇپ بولغۇچە،
كۆكيادىن داۋان ئاشتىم.

ئېدىرمۇ ئېدىر مېڭىپ،
مورۇيغا يېتىۋالدىم.
مىنىپ چىققان ئېتىمنى
ئالتۇنغا سېتىۋەتتىم.

مورۇيدىن كېچە مېڭىپ،
بەش نانىنى بەلگە تېڭىپ.
كۆمۈرلۈكنى ئۆي تۇتۇپ،
جان باقتىم يەرگە سىڭىپ.

ئون يىل كاندا ئىشلىدىم،
شۇ يەردىلا قىشلىدىم.
خاڭ جاڭگىلى توقچىلىق،
پاقلان گۆشى چىشلىدىم.

ئون يىلغىچە ھېلىقى باي
ئەجەل يېتىپ ئۆلۈپتۇ.
خەۋەر ئېيتىپ مەتسېيىت،
مېنى ئىزدەپ كېلىپتۇ.

يولغا چىقىپ شۇ مەھەل،
ئۈچ كۈندە يېتىپ كەلدىم.
سارىخاننى ئىلىشنى
كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلدىم.

شۇ كۈنىلا كەچقۇرۇن،
دوستلار بىلەن كۆرۈشتۈم.
بىر دوستۇمنى ھەمراھ قىپ،
سارىخان بىلەن سۆزلەشتىم.

ئازراق پۇلنى چىقىم قىپ،
ئۆيدە بەشتەك قوي قىلدىم.
بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە،
سارىخان بىلەن توي قىلدىم.

سارىخان كېلىپ ئۆيۈمگە،
قويلىرىم ئونغا يەتتى.
بوياتاقچىلىقتىكى غەملەر
مەندىن يىراقلاپ كەتتى.

قاشاڭ ئاتقا سال نۇشتۇر،
تۇغۇلغان يېرىم قوشتۇر.
بۇ نەزمىنى قاتقۇچى،
تۆمۈرنىڭ ئوغلى ھوشۇر.

كېۋەزلىكنىڭ ئىچىدىن
تاۋۇز تاپىمەن، يارىم.

تەلىيىمنىڭ يوقىدىن
يالغۇز ياتىمەن، يارىم.

بەلۋاغ باغلىغان نوچى،
بەلۋاغ سۆرىلىپ قاپتۇ.
ئۆزىنى داڭلىغان پوچى،
ياردىن ئايرىلىپ قاپتۇ.

ئېشەكچى ئەمەس كەسپىم،
هارۋىكەشكە چاكارمەن.
مەيلىڭ بولسا كەل، يارىم،
هەر كۈنى كەچ بىكارمەن.

ئۇچاققا ئوتۇن سالدىم،
يوغىنىنى ئۇششاقلاپ.
تاڭغا يېقىن چۈش كۆردۈم،
يارنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ.

خوتۇن ئالدىم ئورۇقتىن،
ئايغىر ئالدىم تورۇقتىن.
ئاخشاملىققا دادام بار،
بالدۇر كەلگىن يورۇقتىن.

ئىشىك ئالدى پور تېرەك،
نور بولامدۇ؟ بولمامدۇ؟
قېرىغاندا تۇتقان يار،
يار بولامدۇ؟ بولمامدۇ؟

ئۆڭ قولۇمدا ئايپالتا،
بوسۇغاڭنى كولايمەن.
ئاخشاملىققا سەگەك يات،
چىللاپ ناخشا توۋلايمەن.

غوجىرىققا بارغۇچە،
لايغا پاتتۇق تىزغىچە.
دەپ قويۇڭلار يارىمغا،
ساقلاپ تۇرسۇن كۆزگىچە.

ئۆيدە خوتۇن بولمىسا،
ئۆزۈڭ قازان ئاسارسەن.
ئېشىپ قالغان ئېشىڭنى
چوڭقۇر جامغا باسارسەن.

مەن بارارمىدىم تۇزغا،
يىقىلارمىدىم مۇزغا.
سەكسەنگە كىرىپ قالدىم،
ئىچىم كۆيىدۇ ئۇزغا.



# تۇل خوتۇنلار قوشىقى

ئېتىزدا بۇغداي ئوتاپ،
يىگى شەدىن قايرىلدۇق.
ۋاك ـ بەگلەر ئالۋاك سىلىپ،
ئېرىمىزدىن ئايرىلدۇق.

ئۆستەڭگە هايداپ كەتتى،
ئېرىق ـ ئۆستەڭ چاپسۇن دەپ.
كەمبەغەل مەزلۇملارنى
ئاچتا جاپا تارتسۇن دەپ.

قانخور زالىم بەگ ـ غوجا
تارتىۋالدى يەرلەرنى.
ئۆلتۈرۈۋەتتى بىگۇناھ،
قانچىلىغان ئەرلەرنى.

ئايرىۋەتتى بەگ ـ غوجا،
ئاتا مىراس يەرلەردىن.
ئالۋان ـ ياساق دەردىدىن،
هەم ئايرىلدۇق ئەرلەردىن.

ئەردىن ئايرىدى سەلەي،
ھاشاغا تۇتۇپ كېتىپ.
قان يىغلايمەن ھەر چاغدا،
غەم جاپادا باش قېتىپ.

ۋاڭ ـ بەگلەر ھاشاسىدا
ئەرلەر تاشنى چاپىدۇ.
كىيىم يېلىڭ، قورساق ئاچ،
ئەزىز جاننى ساتىدۇ.

ئاق كۆڭلەكنى سېلىۋەتتىم،
ئېتىكنى ياغ قىلىپ.
ئېرىم كەتتى كەلمەسكە،
يۈرىكىمنى داغ قىلىپ.

ئالما بەرسە ئاپتىمەن،
ئاپتىمەنۇ يەپتىمەن.
زۇلۇم تارتساقمۇ گەرچە،
ئېرىم ئۆلمەس، دەپتىمەن.

يوقلاپ كەلگەن مېھماننى
ئۈزىتىپ چىقتىم يولغا.
كۆمۈپ قويدۇم ئېرىمنى
تۇيۇقغوجامدىكى غولغا.

قولۇمدىكى ئالمىنى
كىمگە بېرىمەن ئاقلاپ؟

شۇنداقلا ئۆتەرمەنمۇ،
ئۆلگەن ئېرىمنى ساقلاپ؟

ھەر كېچە تاڭ ئاتمايدۇ،
قارا كۆزلىرىم نەمدە.
ئەزىز ئەردىن ئايرىلىپ،
باشلىرىم قاتتى غەمدە.

ئۆلۈم ئايرىدى سەندىن،
رازى بولغايسەن مەندىن.
سېنى قويغاچ ئۈزىتىپ،
غىزا ئۆتمەيدۇ گالدىن.

چىتتىن كۆڭلەك كىيدىم مەن
نادامەتتە ئۇچامغا.
يىل ئۆكسۈتمەي كېلىمەن
قەبرەڭ قالغان كوچاڭغا.

ئەتە - ئاخشام كەتمەيمەن،
ئەگىپ سېنىڭ قەبرەڭنى.
روھىڭ كۆرۈپ تۇرۇرمۇ،
سەنسىز تارتقان جەبرەمنى !

تاغنىڭ باغرىدا قارىغاي،
شاخى ئېگىلىپ تۇرغاي.
ئەرسىز قالغان خوتۇننىڭ
ھال - كۈنى قانداق بولغاي؟ !

ئاشنى ئەتكەن بولىماق،
ناننى ياققان بولىماق.
ئالتە بالا بىلەن قالغاندا،
ئاقنى قارىغا ئۇلىماق.

كەتمەكنى خىيال ئەيلەپ،
لۇكچۇنلەرگە يول سالدىم.
تەقدىرىم شۇنداقمىدۇ،
ئەردىن ئايرىلىپ قالدىم.

ئەرسىز ئۆتكەن بۇ ئۆمۈر،
كۆيۈپ كۈل بولغان كۆمۈر.
ئوخشاش ئىكەن ئىككىسى،
دەردنى ئىچىڭگە سۈمۈر.

قىزىلگۈلدىن باشقىنى،
باغقا كىرسەم ئۈزمەسمەن.
خۇدانىڭ بۇيرۇقى باردۇر،
دائىم تۇللا يۈرمەسمەن.



# ئۆلۈم ھەققىدە

ئاتام مەككە، ئانام مەككە،
تۇغۇلدۇم بىر كۈنى ئۆلمەككە.
ئاتالاردىن مىراس قالغان
قارا يەرگە كۆمۈلمەككە.

ئۆلۈمنى ياد قىلىپ قويۇپ،
خۇداغا يىغلىغان كۆڭلۈم.
ياخشىنى ئىزھار ئەيلەپ،
يامانىنى خارلىغان كۆڭلۈم.

ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتىپىدا
كۆيدى پېشانەم.
ئۆلۈپ كەتسەم قالۇرمۇ
نامۇنىشانەم؟

ئۆلسەم ئەگەر جەستىمنى
تاغدا قويۇڭلار.
تاغنىڭ يولى يىراق كەلسە،
باغدا قويۇڭلار.

يۇزۇمنى قىبلە سايان
ئېچىپ قويۇڭلار.
قەبرەمگە بىر دەستە گۇل
سانجىپ قويۇڭلار.

بۇ ئۆلۈمنىڭ ھەيۋىتىدىن
قورقىدۇ جانىم.
شۇ قاراڭغۇ لەھەت ئىچىدە
نە كېچەر ھالىم؟

تامدى ياشىم، ئاقتى ياشىم،
ئېگىلدى باشىم.
مەن ئۆلگەندە يىغلاڭ تازا،
جان قېرىنداشىم.

مەن كىرگەندە يەر قوينىغا،
كىم مېنى ئەسلەر؟
كۈنلەر ئۆتەر، يىللار ئۆتەر،
ئېتىممۇ ئۆچەر.

مېنى دېگەن قېرىنداشلار،
زار - زار قاقشار.
ھەر باھاردا قەبرەم سۆيۈپ
شامماللار ئۇچار.

مەن ئۆلگەندە، لەھەتتە
دوستۇم كىم بولۇر؟

كىمكى ئەگەر قىلسا دۇئا،
روھىم خۇش بولۇر.

بۇ ئۆلۈم يالغۇز ئۆلۈم،
بارچىگە كەلگەن ئۆلۈم.
ھەزرىتى ئادەم ئاتانى
دەر ـ بەدەر قىلغان ئۆلۈم.

# خوتۇن ھەققىدە

پولو تاغنىڭ ئاتلىرى
تۇرمايدۇ تۇسانلىقتىن.
ئەرنىڭ تەۋى ئۆسمەيدۇ
خوتۇننىڭ ئوساللىقىدىن.

باغقا بۇغداي تېرىسام،
يالاڭ بۇدۇشقاق بولغۇدەك.
يانچۇقتا پۇل بولمىسا،
خوتۇن ئۇرۇشقاق بولغۇدەك.

خوتۇن بولسا سۈزۈك بولسا،
قولىدا ئۆزۈك بولسا.
ئۆزى ئوبدان، پاكىزە،
ئىشلىرى تۈزۈك بولسا.

# قېينانا ھەققىدە

قېينانامنىڭ قىزىغا
دۇخاۋا ئالسام نېمە بولا؟
قېينانام ئوبدان خوتۇن،
غۇلجاغا سالسام نېمە بولا؟

كېچە كۆرگەن چۈشۈمدە
قېينانام ئۆلۈپتىمىش.
چۆگۈندىن چاي تۆكۈلۈپ،
باش ـ كۆزى كۆيۈپتىمىش.

قېينانام ئوبدان خوتۇن،
يۈدۈپ يۈرۈپ باققۇم كېلەر.
ئاچچىقىمنى كەلتۈرسە،
قوڭنى چاققۇم كېلەر.

قېينانام كېسەل ئەمەس،
كېسەل بولۇپ ياتقان ئەمەس.
قېرىغۇچە بىر قېتىم
ناخشىغا قاتقان ئەمەس.

قېيىنانام ئاشپەز خوتۇن،
ئۇماچ بىلەن سىقماق ئېتەر.
ئالدىمغا سالسا داستىخان،
تىللاپ قويۇپ كەتكۈم كېلەر.



# ئۈيۈن-چاقچاق ھەققىدە

ئاقتېرەكنىڭ باشىدا
قاق ـ قاق قىلادۇ قاغىلار.
يۈرەك خۇن بولۇپ كەتتى،
ئويناپ ـ كۈلەيلى ئاغىلار.

دەپ قويدۇمۇ، دەپ قويدۇم،
چاقچاق قىلىپ دەپ قويدۇم.
كۆڭۈللىرىگە كەلمىسلە،
چىنەتەخسىگە سەپ قويدۇم.

يان باغرىغا يىقىلىپتۇ
تاغدىن كەلگەن قويساتتى.
بۇ مەشرەپكە يىغىلىپتۇ
ئۇسسۇل ئوينىماس گەپساتتى.

پىرقىرىغۇچنىڭ پىرى بىز،
سەككىز قىزنىڭ بىرى بىز.
ئالدىرىمىسىلا، قاسىم ئاخۇن،
ئەدەپلىرىنى بېرىمىز.

ئويناپ ـ ئويناپ ئالايلى،
بۇ ئىشنىڭ يامىنى يوق.
بىز كىچىك، نادان چاغدا
ئوينىغىلى زامان يوق.

كېتىپ بارىدۇ يولدا،
شايى چاپىنى قولىدا.
كېتىپ بارسا توسماڭلار،
نامەھرەم بولۇر يولدا.

ئايمۇ ئايلاردىن يورۇق،
ئايمۇ كۇنلەردىن يورۇق.
باغچا ساقلىغان جۇگاننىڭ
تۆشى پاختەكتەك ئورۇق.

بىر كىشى كەلدى ئىشىككە،
كۆيدىغۇ روشەن چىراغ.
ئۇل كىشىلەرنى كۆرۈپ،
دەرھال ئۆچتى چىراغ.

ئۆزۈم ئىچتىم هاراقنى
سېكىرىپ[1] ساي باشىدا.
يۇرۇشۇم پاشا يۇرۇش،
ئولتۇرۇشۇم يار قاشىدا.

① سېكىرىپ ـــ جاي نامى.

ئاللاھۇمما تاراق - تۇرۇق،
ساپان بىلەن بويۇنتۇرۇق.
يار قېشىغا باراي دېسەم،
ھېچنېمەم يوق، قولۇم قۇرۇق.

قوي ئۆلتۈرسەم ئورۇقچىلىق،
ئۆچكە ئۆلتۈرسەم چۇپۇرچىلىق.

يار كەلسە يەپلا،
بەرسە ئەپلا.
يانچۇقلىرىغا سەپلا،
ئىش قىل دېسە گەپلا.

چاشقان سۇپىرىنى تېشىشۈەتكەندە،
مۇشۇككە ياماتقاننى كۆرگەن بارمۇ؟
ئېگىز تاغقا تىرەك قويۇپ،
چىۋىنگە يۆلەتكەننى كۆرگەن بارمۇ؟

ئالدىڭىزغا ئاش قويدۇق،
پۇت - قولىڭىزنى بوش قويدۇق.
سامانلىق سىزنىڭ، سامان بىزنىڭ،
يېسىڭىز يەڭ، يېمىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ.

كېلىڭلار، يار - بۇرادەرلەر،
سارايدا مەشرەپ ئوينايلى.
كۆزىگە ئىلمىغانلارنىڭ
بېشىنى دەسسەپ ئوينايلى.

ئۇزۇن ـ ئۇزۇن جۇلانى
كېسىپ ـ كېسىپ كالتارتتۇق.
بىز ئىككىيلەن ناخشا ئېيتىپ،
جۇگانلارنى يالتايتتۇق.

تاغدىن چۈشتى تاغ بېلىق،
سۇدىن چىقتى سۇ بېلىق.
سويلاپ ـ سويلاپ ئويناڭلار،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

چىگمەن بۇلاق بۇلاقمۇ،
قوتۇر ئېشەك ئۇلاغمۇ؟
ئوينىمىغان شۇ جۇگاننىڭ
سىڭار پۇتى چولاقمۇ؟

مەن باردىم باقاللىققا،
نارىنجى ياقالىققا.
ئىسست، يار زايە بولدى
قاپقارا ساقاللىققا.

مانتىچىلار پەش قىلىدۇ،
مانتا ساتقان يامىقىنى.
ئاشىقى يادىغا يەتسە،
چىشلىۋالىدۇ بارمىقىنى.

دېمىدىمۇ باشتا،
ئىچمىۋىدىمۇ ناشتا.
بۇ گەپ باشتا بولمىسا،
بېلىق ياتامدۇ تاشتا.

قومۇللادىن چىقىپلا،
كەچمىگەن كىچىكلەرنى كىچىپ.
پوتا سىلىۋىدىم قوپتىلا،
سىڭار كۆزلىرىنى قىسىپ.

قومۇللادىن چىقتۇق،
چەپ كۆزلىرىمىزنى قىسىپ.
كۆڭۈللىرىنى بەرسىلە،
ئۆپكىلىرىنى بىسىپ.

ئاخۇنۇملار كىيىپتۇ
ئاق خەسىدە شاپاق.
نىمە ئانچە ۋالاقشىيدۇ،
ئالدىمدىكى خام قاپاق.

ئىرىق - ئۆستەڭ ئاتلايسەن،
يۇقىرى - تۆۋەن قاتنايسەن.
ئىشىڭ ئوڭغا تارتمىسا،
ماڭا نىمە باتنايسەن؟ !

ئالماتانىڭ ئالمىسى،
تىزەك غولىنىڭ چالمىسى.
نىمىدەپ ۋالاقشىيدۇ،
تۆۋەنتۇرنىڭ لالمىسى.

چىنە گۈللەر تىرىپ،
چاشما لوقاقلارنى بىسىپ.

ئۆزىگە شۇم قىلىدۇ،
ئابرۇيى يوق كانتۇ سىرىق.

قىرسايلىقنىڭ موللىسى،
قارا تۇللۇق ياۋاش كىشى.
قۇشنىچى قىرىپ قىلىپ،
ئاغزىدا قالماپتۇ چىشى.

موللىلار نىكاھ ئوقۇپ،
ياغلىق ياپقان تۆشنى تاپۇر.
قۇشناچىلىري ئۆيدە قىپ،
ياغنى چايناپ راھەت تاپۇر.

موللىنىڭ تەمەگىرى
ھەر تەرەپكە بويلاپ باقۇر.
موللام تاپسا تاپاۋەت،
قۇشناچىم ئەپلەپ سوقۇر.

موللامنىڭ ئالا ئايغىرى
دۇرت قويسا چاپالمايدۇ.
يايىنىڭ كىرىچى يوق،
بىر پاي ئوق ئاتالمايدۇ.

# بەگگى-قىمارۋازھە قەقدە

قىماردىكى بالانى،
كىيمەڭ موزا ـ جالانى،
دېمەي، ئاتاپ پالانى،
ئاگاھ بولغىن، قىمارۋاز.

كىمكى كەلسە خۇشياقتى،
كېسەللىرى خۇش تاپتى،
خۇرۇم ئۆتوك پۇت ساپتى،
خۇش بوپ كېتەر قىمارۋاز.

كېچىلەردە ئۇتتۇرۇپ،
ئەرزان ـ قىممەت ساتتۇرۇپ،
پۇل بەرمىسە ياتتۇرۇپ،
تارتىپ ئالغان قىمارۋاز.

بارار يېرى كۇل ئوچاق،
بېلىدە بىر گەز پىچاق،
كىيەر چورۇق قىزىل پاچاق،
خاڭدا يىغلار قىمارۋاز.

ياتار سۆگەت سايىدا،
ئوينار قىمار گاھىدا،
قەلەندەرنىڭ جايىدا،
خاكىساردۇر قىمارۋاز.

ئىشتان يامار يىپ ئېشىپ،
كېچىلەردە تام تېشىپ،
قولپا - زەنجىرنى يېشىپ،
ئۆي ئوغرىلار قىمارۋاز.

كىيەر قاسقان تۇماقنى،
ئېلىپ قاچار ئولاغنى،
كېسىپ بىرەر قولاقنى،
پول تاپالماي قىمارۋاز.

ئاڭلا سۆزۈم، قىمارۋاز،
ياشلىقىڭغا قىلما ناز،
پول بەرمىسە ئۇتتۇرۇپ،
مۇشتلاپ ئالغان قىمارۋاز.

تۆشىگە ئۇرۇپ دەيدۇ،
خەلقئالەم سەت، دەيدۇ،
كۆرگەن كىشى كەت، دەيدۇ،
كۇرسۇك ئىتتەك قىمارۋاز.

بىر سائەتتە تالىشىپ،
بىر سائەتتە يارىشىپ،

بىر ـ بىرىگە قارىشىپ،
ئوشۇق ئوينار قىمارۋاز.

سىيا، سەنجۇ ئارقاندىن،
قولۇڭنى يۇيغىن قاندىن،
رىزقى تىلەپ ئۇسخاندىن
يۇرمە ئەمدى، قىمارۋاز.

قىمار ئويۇن ـــ قاباھەت،
ئىككى ئالەم كاساپەت،
ئەزالىرى جاراھەت،
تالىشىپ ئىتتەك قىمارۋاز.

مۇشت قويارلە يا تارتىپ،
قىمارۋازدىن خا تارتىپ،
خاپىلىقتا بەك تارتىپ،
سۆزلەپ قالۇر قىمارۋاز.

بىر كۇن كىيەر تاۋارنى،
بىر كۇن كىيەر تاغارنى،
كوركىرىتىپ قارنىنى
تىترەپ يۇرگەن قىمارۋاز.

ئۆمرۈڭ ئۆتەر غەپلەتتە،
كۆمۈر توشۇپ سېۋەتتە،
چاچ ئاقارتىپ بۇ دەردتە،
ئادەم بولغىن، قىمارۋاز.

ئەمگەك قىلىپ كەتمەن چاپ،
بولما بۇنداق تىرىكتاپ،
ئۇننى تارتىپ نەچچە قاپ،
ئاق نان يېگىن، قىمارۋاز.

ئەگەرچە ئۇتتۇرۇپ قويسا پۇلىنى،
قويۇپ ئۇخلار بېشىغا تەخەي جۇلىنى.

قالايدۇ گەڭزىدە پۈۋلەپ ئوتۇننى،
گۆرۈ قويغان قىزى بىلەن خوتۇننى.

تاپالماس بەزىدە كىيىمەككە خامنى،
كامار قىلغاي كېچە بىرنەچچە تامنى.

قىلۇر پىكرى هارامدىن نان يېمەكنى،
غاجاپ ئىتتەك يۈرەر ئوشۇق سۆڭەكنى.

دېمەگىل ئادەم قىمارۋاز ـ بەڭگىنى،
يوق قىلۇر هەر كۈنى مىڭ تەڭگىنى.

بەڭ ـ قىمارنى تاشلىغىل، جانىڭغا كۆي،
ياخشى ئادەم بولۇپ ئەمگەكنى سۆي.

ئوشۇقنىڭ ئورنىغا تۇتايلى كەتمەن،
هەممىنى ئۇتتۇرۇپ بولمايلى دەردمەن.

قىمارۋاز، ئوغرىلىق قاتتىق بالادۇر،
ئۆزىنىڭ جېنىنى ئوتقا سالادۇر.

كىيسە بىر كۈن دۈردۈن - تاۋانى،
كىيەر ئەتىسى موزا - جالانى.

ئى خالايىق، كۆرۈڭلار،
بۇ بەڭگىنىڭ رەڭگىنى.
چۆرىسىگە يىغىپتۇ
قىمارۋازنى، بەڭگىنى.

مىڭ جاپادا تاپقاندا
داچەن بىلەن تەڭگىنى،
ئۇتتۇرۇپتۇ تاۋكادا
بىر ئات بىلەن ھاڭگىنى.

پۇل تۈگىسە، قىمارۋاز
نومۇس قىلماي تام تېشەر.
مەست بولغاندا بەڭگىمۇ
ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر.

ئى خالايىق، كۆرۈڭلار،
يۇرت ئىچىدە غەلۋىنى.
نەدە بولسا سۈرۈڭلار
قىمارۋازنى، بەڭگىنى.

ئېگىز ئۆگزىدە ياتىپ،
ئايغا قاش ئاتىپ.
ئەمدى سۆيىمەن سېنى
ئەتىدىن تارتىپ.

قېيناتام گايىت،
قېينانام سايىن.
بۇغداي ئۇغرىلاپتۇ خاماندىن
ئىشەككە ئارتىپ.
قىزىنى قويدۇم ئۈچ تالاق
ئۆگۈندىن تارتىپ.

چاپىنىم ئۇزۇن،
بەلۋېغىم دۇردۇن.
ئەمگەك بىلەن خۇشۇم يوق
لايغەزەل ھورۇن.
ئەمگەك قىل دېسە،
ئاغرىق دەپ يېتىپ؛
ئۆستەڭ بويىغا
غىپپىدە قېچىپ؛
تۆتنى تاپقاندا
دەتتىكام ئېتىپ؛
بارى - يوقۇمنى
ئۇتتۇرۇۋېتىپ؛
دەردكە چىدىماي
خام نەشە چېكىپ؛
خالاغا بېرىپ
تىك موللاق ئېتىپ؛
ھوشۇمدىن كېتىپ،
ئۈچ كۈنچە يېتىپ؛
ھوشۇمغا كېلىپ،
كۆزۈمنى ئېچىپ؛

بۇرنۇمنى قىقىپ،
قاراپ باقسام،
ئۇخلاپ قاپتىمەن
خالادا يېتىپ.

ئۇستۇمنى قېقىپ،
دوپپامنى ئېتىپ،
ئىشتاننى سېتىپ،
يولغا چىققان شۇنداق نوچىمەن.

بوتىكام، پوستەك،
پوستەك نوچىمەن.
دادامەتتىن قەرزىم چىققان
شۇنداق نوچىمەن.

دەتتىكام دەر، قىمارۋاز،
هارام نان يەر، قىمارۋاز.
كۆپ خار - زار بولسەن،
كۆرگەنلىرىڭ تېخى ئاز.

ئابرۇيۇڭ يوق، يۈزۈڭ يوق،
هېكمەتلىك بىر سۆزۈڭ يوق.
تىلىڭ قىسقا، قىمارۋاز،
ئەلنى كۆرەر كۆزۈڭ يوق.

قىماردىن تارت قولۇڭنى،
بىلىپ باسقىن يولۇڭنى.

ئويلا بالا ـ چاقاڭنى،
ئوتقا ئاتما پۆلۈڭنى.

بىر سىلىم تاماكىنى
يارىم ئەۋەتىپتۇ ماڭا.
ئىچىگە چوغنى سىلىپ
داغلاپ ئەۋەتىپتۇ ماڭا.

تاغ تۈۋىدە ئۆيۈم بار،
تېزەك ئوتى چوغۇم بار.
ئايدا، يىلدا بىر كەلسە،
تەمگە سالار مەيلىم بار.

سالماسەن تاماكاڭنى،
يوقمىدى چىلىم غاڭزاڭ.
ئىزدەپمۇ تاپالمىدىم،
نەدىدۇر سىنىڭ پاڭزاڭ؟

تاماكىنى مەن تارتىمەن،
ئاپتاپقا سېپ قۇرۇتىمەن.
سەن خېنىمنىڭ شەرتىنى
ئەلچى قويۇپ سورىتىمەن.

تاماكىنى سىز تارتسىڭىز،
ئىسى بىزلەرگە كېلۇر.
ئاشىقلىقنى سىز قىلسىڭىز،
داغقى بىزلەرگە كېلۇر.

تاماكىنى چەككەن بىلەن
غىزا بولامدۇ؟
قۇرۇق داڭلار كۆتۈرسە،
كۆڭۈل ئۈنامدۇ؟

تاماكا تارتمۇاللاي،
چوغلارنى قويۇپ.
مەن يارىمنى سۆيۈۋاللاي،
ئوقەتنى قويۇپ.

تاماكا چېچىلىپ كەتتى،
تېرىشىپمۇ بەرمەمسەن؟
سۆيگىلى بويۇم يەتمەس،
ئېڭىشىپمۇ بەرمەمسەن؟

كوچىنىڭ ئوتراسىغا
گۈلخان يېقىپتۇ بەڭگىلەر.
بەڭگىلەرنى كويغا سالغان
زۇلپا چاچلىق لەندىلەر.

كىمكى چەكسە، تارتسا بەڭ،
ئىككى ئالەمدە هالى تەڭ.
بەڭگى بەرگەن تەڭگىگە
گۆش - ياغ ئىلىپ يەڭ.

مەن تاماكا تارتىمەن،
ئاپتاپتا ئوبدان قۇرۇسا.

مەن يارىمنى كۆرىمەن،
ئەتە خۇدايىم بۇيرۇسا.

غاڭزىنى ئالدىم قولۇمغا،
خالتىنى تاپالمىدىم.
بىر سۆيەي دەپ ۋەدە قىلىپ،
خالىي يەر تاپالمىدىم.

بۇرادەرلەر، ئىشتىكىل بىر رىۋايەت،
قىمارنىڭ شەرمەتىنى قىلدىم شىكايەت.

بۇرادەرلەر، ئىشتىكىل بۇ سۆزۈمنى،
يامان يولغا سېلىپتۇرمەن ئۆزۈمنى.

بىرى قارغىش ئالار تۇغقان ئانادىن،
بىرى قارغىش ئالار مۇشپىق ئاتادىن.

نەچچە يىلدىن كۆڭۈل بەردىم قىمارغا،
قىمار ئويناپ ئۆزۈم قالدىم بالاغا.

ياخشىلىقنىڭ كوچاسىدىن چىقىپتىمەن،
ئۆزۈمنىڭ جېنىغا ئوتلار يېقىپتىمەن.

قىمار دېگەن يامان قاتتىق بالادۇر،
كىشىنى رەھىمسىز ئوتقا سالادۇر.

بېشىمغا كىيگىنى موزا ــ كۇلادۇر،
پۇلنى ئۇتتۇرۇپ قەرزىم تولادۇر.

قىمارنى ئوينىدىم مەن نەچچە مەلدىن،
قوتۇلمىدىم پەقەت ئۇشبۇ كېسەلدىن.

بۇرادەرلەر، قىمارۋازنىڭ يۈزى يوق،
كىشى ئاڭلىغۇدەك ياخشى سۆزى يوق.

قىمارنىڭ ئۈستىدە كۆپ ھىيلە قىلدى،
نېمە قىلسام ئۆزۈمنىڭ پەيلى، دېدى.

كى ياخشىلار قىمارنى مەنئى قىلدى،
پۇل ئۇتتۇرسام خالايىق تەنە قىلدى.

قىمار ئوينىدىم ھەمىشە قىش ـ ياز،
قىمارۋازغا ئۇشبۇ كۈنلەر تېخى ئاز.

پۇلۇمنى ئۇتتۇۋالسا زار قىلدىم،
ئۆزۈمنى خەلق ئۈچۈن خار قىلدىم.

جۇدا بولدۇم ئۆز پەرزەنتلىرىمدىن،
يەنە ياخشى روزىگاھ مەھرەملىرىمدىن.

بۇرادەرلەر بۇ ئىشقا بولدۇم ھەيران،
بالا ـ ۋاقام، ئۆزۈممۇ خانۇ ۋەيران.

ئاتامدىن قالغان ئەردى نەچچە يامبۇ پۇل،
ئۇچامغا كىيگەن كىيىم مىڭ ياماق جۇل ـ جۇل.

يوقاتتىم شۇنچە دۇنيا ـ بار پۇلۇمنى،
يەنە ساتتىم چىشى ـ ئەركەك، بار ـ يوقۇمنى.

كى ئايرىلدىم يەنە هويلا ـ ئارامدىن،
قوتانۇ قوي، كالا، باغۇ هەرەمدىن.

گۆرۈگە قويدۇم گىلەم، مەرۇزا قويماي،
يەنە لاخشىگىر، پىچاق، چەدۇزا قويماي.

ئېتىپ ئوشۇقنى سەنجۇ ـ پوزا قالماي،
سىلىپ بەردىم هەممىسىنى تۇماقۇ موزا قالماي.

كىگىز، يوتقان، تۆشەكلەر بارى كەتتى،
ئېغىلدىكى ئېشەكلەر بارى كەتتى.

ئۇتۇپ ئالغان كىشىلەر يۇرتقا يەتتى،
تۆت ئوشۇق بىلەن شىشخال خۇرجۇندا كەتتى.



سېتىپ بەردىم يەنە ھەم بورا قالماي،
چۆگۈن، داڭقان، قاپاقمۇ، كورا قالماي.

گۆرۈگە ئالمىغان بىر كونا پوتا قالدى،
ئىككى تېقىم ۋە يەنە يوتا قالدى.

پۇشايمان ئەيلەپ دادۇ پەرياد،
دۇنياغا كەلگەن ئۈمىدىم بەربات.

قىماۋازنى سۇرەتلەپ
قوشاق قاتتىم، دەپ باقاي.
قېنى ئاڭلاپ تۇرۇڭلار،
راۋاب بىلەن چېپ باقاي.

كېچىلىرى ئۇخلىماي
ئوشۇق ئاتقان قىمارۋاز.
ئۇتتۇرۇۋېتىپ بار - يوقنى،
بېشى قاتقان قىمارۋاز.

ئەمگەك بىلەن خۇشى يوق،
كۆپ ئۇتتۇرغان قىماۋاز.
توپا ـ تەرەت يۈزلىرى،
مەينەت باسقان قىمارۋاز.

ئۇتتۇرۇۋەتسە پۇلىنى،
ئېلىپ خەقنىڭ مېلىنى،
ئەل ـ جامائەت ئالدىدا
رەسۋا بولغان قىمارۋاز.

ۋەسۋەسىلىك كۈنلىرى،
ئەندىشىلىك تۈنلىرى،
قەرز بوغۇپ سىرتماقتەك
جۈدەپ كەتكەن قىمارۋاز.

ھاراق پادىشاھ،
مۇسەللەس ۋەزىر.
بوزا پاسكىنا،
نەشە بىنەزىر.
ئىشق ۋە ھەۋەس
ئەكىرىڭ ئېگىز.
خۇدايا توۋا،
چەكمەيمەن ھەرگىز.
چەكتىم مەن سېنى،
نېمە قىلساڭ مېنى،
سەن بولساڭ خەشەك،
چەككەنلەر ئېشەك.

# پەندىيات

بۇرۇن - بۇرۇنتى،
تۇلكە خىزىرتى.
ئېيىق پادىشاھ،
مايمۇن ۋەزىرتى.
بايلارنىڭ ئۆيى
ساراي - قەسىرتى.
توپىدا ياتقانلار
يېتىم - يېسىرتى.
گۆش دەپ ئالغىنىڭ
ئۆپكە - بېغىرتى.
گادايغا كۈن يوق،
دۇمبە يېغىرتى.

شۇنداق كۈنلەر بىرىدە،
پۇچۇق زاغرا بېلىمدە:
تاغلارنىڭ داۋانى بىلەن،
بايلارنىڭ خامىنى بىلەن
كېتىپ بارسام ئوتۇنغا،
كۆزۈم چۈشتى خوتۇنغا.
قارىماي دېسەم بولمىدى،

ئاڭغىچە خوتۇن توۋلىدى.
— نىم دەيلا؟ — دېسەم،
— ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى.
ئۆيىگە كىرسەم،
— ھارمىسىلا، — دېدى.
بىردەمدىلا خېنىم
تەييارلىدى ئاش.
ئىچسەم بىرى چۆپ،
توققۇز تېلى ماش.
ئاڭغىچە يەنە
چىلىمنى تۇتتى.
— چەكمەيتتىم، — دېسەم،
كۆڭلۇمنى «ئۇتتى».
چەكسەم كۆزۈمدىن
چىقىپ كەتتى ياش.
گېلىم بوغۇلۇپ،
ئايلاندى بۇ باش.
خېنىم قاقاقلاپ
ئوينىتىپتۇ قاش.
مەنمۇ كۆز تاشلاپ
قوشۇپتىمەن باش.
شۇ چاغ تالادىن
يېغىپ كەتتى تاش.
خەلقىئالەمگە
بولۇپتىمىز پاش.
ئويغانسام، چۈشۈم،
ئۆتۈپتۇ ياشلىق...
مەندىن پەندىيات،
قىلماڭ بەڭۋاشلىق.

# پاناھ بېرىڭ خۇدايىم

كىلتى يوق قۇلۇپتىن،
قىرى يوق تۇلۇقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

مىتە چۈشكەن ئاشلىقتىن،
گېپى تولا باشلىقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

سۈيى يوق تۈگمەندىن،
تايىنى يوق دەردمەندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

پۇت پاتمىغان ئاياغدىن،
ناھەق يېگەن تاياقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

مال ـ ۋاران يوق ئېغىلدىن،
نەپ بەرمىگەن بېخىلدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

تەڭشەلمىگەن سازدىن،
گېپىدە تۇرمىغان مازدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

گېپى يوغان پوچىدىن،
بەك ياسانچۇق نوچىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

چىگىت ئارىلاش پاختىدىن،
گەپ خالتىسى ساختىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئەسكى ئاتنىڭ تورۋىسىدىن،
ئىنسانلارنىڭ ئوغرىسىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

پىلىكى قۇرۇغان خىمەكتىن،
ئېشىپ قالغان يېمەكتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

بۇزۇلغان خېمىردىن،
داتلاشقان تۆمۈردىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئېچىپ كەتكەن سۈتتىن،
غەرەز ئۇقماس دۆتتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئىسى تولا لوقاقتىن،
خىرىلدىغان پوقاقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

تىغى ئۆتمەس رەندىدىن،
بىلىمى يوق بەندىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

چالا قۇرۇق ئوتتۇندىن،
ۋاپاسى يوق خوتۇندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

چىگىش بولغان تانىدىن،
يۈزسىز ئۆگەي ئانىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

چىللاپ كەلگەن ئاشنىدىن،
ماڭمايدىغان ماشىنىدىن،
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

تىكىنى بار ئوتتۇندىن،
ۋاتىلداق خوتۇندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئوسمىسى يوق جۇگاندىن،
توسمىسى يوق تۇغاندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

بولىدۇ دېگەن تويدىن،
يەپ سەمرىمىگەن قويدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

پەردازخور مىشچاندىن،
تەمەخور ئىشاندىن،
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئاشقا چۈشكەن چىۋىندىن،
بويى قاتتىق كېلىندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

يولغا قېقىلغان قوزۇقتىن،
پەيلى يامان بۇزۇقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

يۈزگە چىققان چېچەكتىن،
قىيىق سالغان لېچەكتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

سۈيى ئاقماس بۇلاقتىن،
مېڭىشى يوق ئۇلاغتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئىس ماڭمىغان ئوچاقتىن،
جايغا چۈشمىگەن ئوشاقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

كۆزى ئوچۇق كورلۇقتىن،
ئاتا ـ ئانىسىز خورلۇقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئىچى كاۋاك پورلۇقتىن،
پاشا باسقان شورلۇقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

قاقسا تولغىغان كالىدىن،
ئىنساپى يوق بالىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

نىيىتى يامان پەستىن،
ئەقلىدىن ئازغان مەستىن،
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

پايتىمىغا يارىماس لاتىدىن،
گەدىنى قاتتىق كاتتىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ساقايمىغان يارىدىن،
پايدا قىلماس دورىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

قۇتراپ ياتمىغان تۆگىدىن،
سېسىپ تۇرغان مېۋىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئىسسىقى يوق تۇماقتىن،
يېرىلمىغان چوماقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئادەملەرنىڭ تۈلكىسىدىن،
خۇشامەتچىنىڭ كۈلكىسىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

نايناق خوتۇننىڭ نازىدىن،
ئالدامچى قازىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

قەدىر بىلمىگەن زاڭدىن،
ئۇيقۇ كەلمىگەن كاڭدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

پادىشاھنىڭ زۇلمىدىن،
پۇقرالارنىڭ خورلۇقىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

قاراقچى بار دەڭدىن،
باشقا چىقمىغان جەڭدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

دات باسقان تۆمۈردىن،
مەنىسىز ئۆتكەن ئۆمۈردىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئارپىخان باسقان يەردىن،
قازان بېشىغا ئارىلاشقان ئەردىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

تاپتا ماڭماس كالىدىن،
گەپ ئاڭلىماس بالىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ھۆلى يوق ئوتۇندىن،
مېھرى يوق خوتۇندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

زاۋالدا چىللىغان توخۇدىن،
يامان كېسەل موخۇدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

خۇدىنى بىلمىگەن مەستىن،
تاقىلدىغان نەشىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئەقىلسىز تەلۋە زوردىن،
ئىنساپى يوق جازانىخوردىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئاتقا چۈشمەس سالىمدىن،
گېپىدە تۇرماس لالىمدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

مەيدە ئاغرىتقان لەڭپۇڭدىن،
تولا ماڭدۇرغان سەيپۇڭدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

كىرى پىشقان لۆڭگىدىن،
ئۆيگە تۇكۇرگەن بەڭگىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

سەمرىمىگەن قويدىن،
باشقا چىقمىغان ئويدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

قورساق ئاغرىقى تولغاقتىن،
قېتىرغاق ئۇلاغتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

يولغا قويۇلغان تۇزاقتىن،
يالغان تۆھمەت، سولاقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

پۇتقا چىققان قاداقتىن،
ئورۇنسىز كەلگەن تاۋاقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئوت يانمىغان چاقماقتىن،
پەم - دىتى يوق ئەخمەقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

بالا ـ چۈلنىڭ غېمىدىن،
ئەسكى ئۆينىڭ تېمىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

قوزا بەرمىگەن قويدىن،
ھەشەمەتلىك تويدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ياندا پۇلنىڭ يوقىدىن،
لامزەللە توخۇ پوقىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

شېخىدا تۇرماس ئالمىدىن،
تۇغلۇكتىن چۈشكەن چالمىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

كىچىك كەلگەن تامبالدىن،
تەكەببۇر ئامبالدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

قاتتىق كەلگەن بوراندىن،
جىم ـ جىم كەلگەن قىياندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

سۇخەنچىنىڭ تىلىدىن،
ھەسەتخورنىڭ گېلىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

قۇرۇق تۆھمەت، زورلۇقتىن،
قىرىلىشتىكى خورلۇقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

سايىسى يوق باراڭدىن،
مەنىسى يوق پاراڭدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

پايلاقچىلىق پايلىشىدىن،
خۇشامەتچىلىك مايلىشىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

سېسىغان سامانىدىن،
نىيىتى يامانىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

چاڭقىغان يەردىن،
تولا چىققان تەردىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئەتىيازدا كەلگەن ئۇششۇكتىن،
قويۇنغا كىرگەن مۈشۈكتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

يولدا ياتقان يىلاندىن،
يالغان پەتىۋا ئىمامدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

پىچىقى كەسمەس باشلىقتىن،
ھوسۇل بەرمەس تاشلىقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

چېقىمچىنىڭ تىلىدىن،
قارنى يامانىنىڭ گېلىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

تۇندە كەلگەن قىياندىن،
ياندىن قوپقان غەلياندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

يول يۇرگەندە پاتقاقتىن،
دوستىنى ياۋغا ساتقاندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

يالغان يايغان قۇچاقتىن،
ئىس قايىنىغان ئوچاقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ماراپ چىشلەر قانجۇقتىن،
تۇۋى تۆشۈك يانچۇقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

تامنى تەشكەن ئوغرىدىن،
ئۇركۈپ تۇرغان يورغىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

پاختىدىكى تىكەندىن،
يالغان قەسەم ئىچكەندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئاتا ـ ئانىغا يانغاندىن،
ئۆز نەسلىدىن تانغاندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئاقنى قارا دېگەندىن،
قىل ئىلغىماي يېگەندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

كۆزگە توپا سەپكەندىن،
سىلاپ تۇرۇپ تەپكەندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

نەپ تەگمىسە قاچقاندىن،
بىرنى بىرگە چاققاندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

شاختىا سالغان كۆۋرۈكتىن،
ئوغا سالغان تۇزۇقتىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئۇچلاپ قويسا ئۇچقاندىن،
قاشلاپ قويسا قاچقاندىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

سېپى تۇرمىغان لاتىدىن،
قىيمىسى تۇرمىغان مانتىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

يالغۇز ماڭغان سەپەردىن،
ئۇشتۇمتۇت كەلگەن خەتەردىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ئاچچىق ئۆرۈك ئاچىسىدىن،
خوتۇن كىشىنىڭ گاچىسىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

ھەسەتخورنىڭ كۈلكىسىدىن،
ئادەملەرنىڭ تۈلكىسىدىن
پاناھ بېرىڭ، خۇدايىم.

# نەسىھەت

تەكەببۇر ئەيلىمە ھەرگىز،
ئېگىلگىن ئەرشتە بولساڭ.
ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت،
سۇلايمان تەختىدە بولساڭ.

يۇقىرىدىن شامال چىقىپ
ئۆرۈۋەتتى باراڭنى.
توسقىلى بولمايدۇ
كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى.

قارلىغاچ قارا بولۇر،
قاناتى ئالا بولۇر.
ياشلىقتا بەرگەن كۆڭۈل
بېشىغا بالا بولۇر.

خويمۇ دەردلەر بار ئىكەن
خۇدا ياراتقان باشىدا.
رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلۇر
خۇدا ياراتقان تاشىدا.

قاراسام كۆرۈنمەيدۇ،
دۇنيانىڭ ئۇچى.
دۇنيا دېگەن ئەسكى رابات،
مەن يول ئۆتكۈچى.

جاننىمۇ بەرگەن خۇدايىم،
بىر كۈن ئامانەتنى ئالۇر.
نە مۇشەققەتلەر بىلەن
سالغان ئىمارەتلەر قالۇر.

تەشنا بولۇپ جەننەتكە كەلدىم،
تاپالماي سۇنى سايدا.
سۇ ئەگەر جەننەتتە بولسا،
تەشناغا نىمە پايدا !

هاللىرىمنى ئېيتىپ - ئېيتىپ،
ئالدىم قاپاقتا.
دوست كېلۇر باشقا قاراپ،
دۇشمەن ئاياغقا.

شاپتۇلنىڭ شېخى پەس،
مېۋىسى ئۇندىنمۇ پەس.
ياخشىلارغا سۆز تاشلىساڭ،
يەردە قويمايدۇ نەپەس.

سەن ئەزىز ئەتكەن قۇلۇڭنى
خار ئېتەلمەيدۇ كىشى.

كىمنى كىم خار ئەيلىسە كىشى،
ھەر يەردە خاردۇر شۇ كىشى.

ئات مىنىپ، كىمخاب كىيىپ،
قۇش قۇشلىماق ئول قانچە ئىش.
ئۆز ئىشىنى ئۆزى بىلسە،
قىلغان ئىشى مەردانە ئىش.

كۇيئوغۇلنى ئوغۇل دېسەم،
كۆڭلۇم خۇش بولۇر.
كۇل بىلەن تام قوپارسام،
ئۇلى بوش بولۇر.

ئاق ئۆردەكلەر چۇشمەمدۇ
سۇيى ئوبدان كۆللەرگە.
ئادەم تولا كەلمەمدۇ
خوتۇنى ئوبدان ئۆيلەرگە.



# يېتىملار قوشىقى

ئاتام قىلغان باغلارنىڭ
مېۋىسى شېرىن تاتلىق.
مېنىڭ ئانام بار ئىدى
بۇۋى مەريەم ئاتلىق.

مەن كىرگەندە ئۈچ ياشقا،
ئاتام كەتتى يىراققا.
ئۆلۈپ كېتىپ جان ئانام،
مېنى قويدى پىراققا.

ئىلى يولى ھەيۋەتلىك،
ئىچىم سۈيى شەربەتلىك.
ئەجەبمۇ كېتىپ قالدىڭ،
جېنىم ئانام، رەھمەتلىك.

تال ئېگىلدى پەس بولدى،
كۆڭ قايرىلدى كەچ بولدى.
مەن ئانامدىن ئايرىلىپ،
كۆڭ ئالماقمۇ تەس بولدى.

ئىلى يولى تار ئىكەن،
يېتىم باللار خار ئىكەن.
ئاتام بار دېگەن بىلەن،
كۆيدۈرگەن ئانا ئىكەن.

ئاتام يوقتۇر مېنىڭ،
يا قېرىنداشىم مېنىڭ.
تاغدىكى يامغۇر سۇيىدەك
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.

ئاتاممۇ ئۆلۈپ كەتتى،
ئاناممۇ ئۆلۈپ كەتتى.
بۇ يېتىملىك ئالىمى
ھالىمنى خاراب ئەتتى.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
غېرىب بولماي يۈرەتتىم.
ئاتا ـ ئانام بولمىغاچقا،
كۈرەدىن چىقالمىدىم.

ئاتام تىككەن تېرەكلەر
ئەجەب كۆركەم لىم بولدى.
ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ،
ياتار يېرىم چىم بولدى.

قوشنىلارنىڭ باللىرى
ئانا، دېسە يىغلايمەن.

ئاتا ـ ئانامنىڭ يوقىدىن
قاتتىق يەرنى تىلغايمەن.

كۆچادىن تۇماق ئالدىم،
قامىلىرى جۇلالىق.
ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ،
باشقا چۈشتى جۇدالىق.

ئاتام باردا، ئانام باردا،
ھەممە نەرسە تېپىلغان.
ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ،
مەن بېگىمگە سېتىلغان.

ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كېتىپ،
قالدىم يېتىم ـ يېگانە.
بۇ يېتىملىك ھەسرەتتە
بولدۇم يۇرتتا دىۋانە.

دالان ساپسەن قەۋەتلەپ،
زەدىۋالىڭ يوق.
ئاتا ـ ئاناڭ بولمىسا،
ھېچ ئەتىۋارىڭ يوق.

ئاتاسى بارلار تاغ ئىكەن،
ئاناسى بارلار باغ ئىكەن.
ئاتا ـ ئاناسى يوقلارنىڭ
يۈرەك ـ باغرى داغ ئىكەن.

ئاتا - ئانىلىق باللار
خۇشال ئويىنار بازاردا.
مەن ئۆزۈم يېتىم قالغاچ،
كۆتۈم ئۆتەر مازاردا.

ئۇنداقمۇ بولۇرمەنمۇ،
مۇنداقمۇ بولۇرمەنمۇ؟
ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ،
گادايدەك تۇرۇرمەنمۇ؟

شاتاۋاغۇ شاتاۋا،
دۇردۇن - تاۋادىن ئەتىۋار.
ئاتا - ئانامنىڭ يوقىدىن،
مەن يېتىمنىڭ دەردى بار.

جانىۋارلارنىڭ ھالىنى
قونغان دەرەخلەردىن سوراڭ.
مەن يېتىمنىڭ ھالىنى
كۆڭلى يېقىن ياردىن سوراڭ.

ئاتامنىڭ ئېيتقىنى كەلدى،
ئانامنىڭ ئېيتقىنى كەلدى.
كىچىك تۇرۇپ بۇ باشىمغا
تۈمەن مىڭ بالا كەلدى.

يېتىم دەيدۇ، يېتىم دەيدۇ،
يېتىم قىلسا خۇدا قىلغان.

ئاتىلاردىن، ئانىلاردىن
جۇدا قىلسا خۇدا قىلغان.

خۇدانىڭ بەندىسى كۆپتۇر،
مېنىڭدەك بولغىنى يوقتۇر.
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىپ،
غېرىب بولمىغىنى يوقتۇر.

ئېگىز تاغدىن سۇ كەلسە،
قۇم بىلەن تاش ئاقىدۇ.
بۇ يېتىملىك دەردىدە،
كۆزۈمدىن ياش ئاقىدۇ.

سەھەردە سايرىغان بۇلبۇل
خۇداغا نالە قىلماسمۇ؟
ئاتا ـ ئانىمىز يوق بىزنىڭ،
ئاللا رەھمەت قىلماسمۇ؟

ئېگىز تاغدىن تاشقىن كېلىپ،
تاراپ كەتتى سايلارغا.
بىز يېتىم بولۇپ قالدۇق،
تۇغقان كەتتى باغلارغا.

ئاتام مەككە ـ مەدىنە،
ئاپام مەككە ـ مەدىنە.
ئايرىلىشىدىم ئۇلاردىن،
تاشلىشەتتى ئاغىنە.

مەككە، مەدىنەم يولىدا
بىگىز، تاسما لازىمكەن.
باش ياستۇققا يەتكەندە،
ئاتا ـ ئانا لازىمكەن.

قاشنى قاشقا ئۇلىسا،
بۇغدايغا باغلىق بولغۇدەك.
ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلسا،
سەۋدايى ئاغرىق بولغۇدەك.

ئاتام باققان، ئانام باققان،
بېقىپ قاتارغا قاتقان.
مېنىڭ بەختىم ئۈچۈن دائىم
مازارلارغا چىراغ ياققان.

سېۋەتتىكى توقاچنى
سىيادان قوشۇپ ياققان.
ئاتامدىن كىچىك قېلىپ،
كۆيۈمچان ئانام باققان.

ئاتام ماڭغان يوللار بۇ،
ئانام ماڭغان يوللار بۇ.
مېھرى ئىسسىق بولسۇن دەپ،
دۇئا بەرگەن قوللار بۇ.

ئاتام ماڭغان كوچىنىڭ
ئىپاردەك پۇرىقى بار.

ئاتام ــ ئانام ئۆلۈپ كەتكەچ،
كۆڭلۈمنىڭ سۇنۇقى بار.

ئېگىز قىرنىڭ بېشىدا،
بىر تۇپ كېۋەز مىڭ دانە.
مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
ئەمدى بولدۇم دىۋانە.

بارمىدۇ ئاتام مېنىڭ،
بارمىدۇ ئانام مېنىڭ.
تاغنىڭ سۇزۇك سۈيىدەك
ئاقىدۇ ياشىم مېنىڭ.

ئاتادەك مېھرىبان قايدا،
ئانادەك غەمگۇزار قايدا؟
ئۇلاردەك ئىچ كۆيەر قايدا،
غېرىب بالاڭ يىغلار سايدا.

ئاتاڭمۇ كېتىپ قالدى،
ئاناڭمۇ كېتىپ قالدى.
ئېڭەك تۇتۇپ ياش تۆكۈپ،
بەش بالاڭ قېتىپ قالدى.

ئاتام بولىدۇ رازى،
ئانام بولىدۇ رازى.
ئۆلگەنلەر شېھىت كەتتى،
قالغانلار تامام غازى.

گۈل ئېچىلدى شاخىدا،
بەرگى توزۇپ كېتەرمۇ؟
ئۆگەي ئانا دەردىدە
قاناتىم سۇنۇپ كېتەرمۇ؟

ئاتام مازار، ئانام مازار،
مەن تاۋاپ قىلاي ئەمدى.
روھىغا نەزىر - چىراغ
خالىس ئاتاپ قىلاي ئەمدى.

قارلىغاچ قارا نېمە،
قاناتىدىن ئايرىلمىسۇن.
قىز بالا ئاجىز نېمە،
ئاناسىدىن ئايرىلمىسۇن.

ئاتام ئەمرىنى تۇتمىدىم،
ئانام قەدرىنى بىلمىدىم.
خىزمىتىنى قىلمىدىم،
يېتىملىككە چارەم يوق.

يېتىم ئەڭنى يىرتىقتۇر،
ئۆنىڭ كۆڭلى سۇنۇقتۇر.
خالايىققا سوغۇقتۇر،
يېتىملىككە چارەم يوق.

يېتىم بولدى سۇلايمان،
يىغلاپ يۇردى ھەر قايان.

دەردىگە يەتمىدى بىدەرمان،
يېتىملىككە چارەم يوق.

كۆپنى كۆرگەن بۇ باشىم،
دائىم ئاقىدۇ ياشىم.
يوقتۇر مېنىڭ سىرداشىم،
يېتىملىككە چارەم يوق.

ھېچكىم يېتىم بولمىسۇن،
تام تۇۋىدە قالمىسۇن.
بىزدەك غېرىب بولمىسۇن،
يېتىملىككە چارەم يوق !

يېتىم قىلسا خۇدا قىلدى،
ئاتا ـ ئانامدىن جۇدا قىلدى.
بۇ دەردلەرگە قايان باراي،
يېتىملىككە چارەم يوق.

يېتىم قەدرىنى كىم بىلۇر،
يېتىم بولسا شۇ بىلۇر.
كۆڭلى سۇنۇق ئۇ بىلۇر،
يېتىملىككە چارەم يوق.

ئانا دېسەم،
ئاقتى يېشىم.
دادا دېسەم،
قايدى بېشىم.

ئانا دېگەن
بىر باغ ئىكەن.
دادا دېگەن
بىر تاغ ئىكەن.

مەن بىر يېتىم،
دەردىم تولا.
ئاڭلا، جاھان،
ئەرزىم تولا.

چالسام راۋاب،
باغرىم كاۋاپ.
بارسام قايان،
بولدۇم خاراب.

بايلار يامان،
خۇددى چايان.
ئوڭدا يېتىپ،
تاپقان ھايان.

رەڭگىم سامان،
سۇنۇق دىلىم.
ھېچ كىشىگە
ئۆتمەس تىلىم.

مەن بىر يېتىم،
قىسقا قولۇم.

ئاھ، دەردىما،
بەك تار يولۇم.

ئاڭلا، جاھان،
ئاھىمنى سەن.
ئېيتاي ساڭا
زارىمنى مەن.

ئۇچۇپ كەتكەن كاككۇكنى،
قونغان دەرەخلەردىن سوراڭ.
مەندەك بىچارە، خار يېتىمنى،
چۆل - باياۋاندىن سوراڭ.

باي ھويلىسى باغ ئىكەن،
ئاشلىقلىرى تاغ ئىكەن.
بىز يېتىملەر خارۇ زار،
يۈرىكىمىز داغ ئىكەن.

يەيدىغىنى ئالدىدا،
يېمىگىنى كەينىدە.
ئۆزى تويسا، كۆزى تويماس،
نېمە دەيلى پەيلىگە.

مەن ھاشادىن كەلگۈچە،
چۆللەردە قونۇپ قالدىم.
دەرد - ئەلەمنىڭ دەستىدىن،
سەۋدايى بولۇپ قالدىم.

بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان،
سەندىن، مەندىن قالىدۇ.
كىمنىڭ ھەققى كىمدە بولسا،
ئاخىر بىر كۈن يانىدۇ.

باي غوجامنىڭ ئۆيىدە
مەن ياردىم كۆتەك.
ئىشلەپ بەرسەم، بەرگىنى
ماش بىلەن كېپەك.

پۇتلىرىمغا كىيگىنىم
مايماق ئۆتۈك.
مەن ياشايمەن كۈنلۈكى
مىڭ بىر ئۆلۈپ.

كوھىقاپنىڭ ئۆزىكەن
باينىڭ ئۆيى.
ئىشلەپ تۆكسەم تولمىدى،
ئۆمۈر بويى.

ياردىم تېرەككە①،
كۈچۈم بىلەكتە.
باينىڭ قىلغىنى
تەگدى يۈرەككە.

① تېرەك —— ئۇلۇغچات ناھىيە تېرەك يېزىسىنى دېمەكچى.

باينىڭ خوتۇنى ئايشەك،
قات ـ قات سالىدۇ تۆشەك.
بىز بىلەن نېمە كارى،
قىشتا مۇزلىساق، ئۆلسەك.

باينىڭ قىزى ئايسارە
ئىت بىلەنلا ئاۋارە.
بىز تالادا، سوغۇقتا
يىغلاپ قىلىمىز نالە.

مەن ئانامنىڭ ئۆلگىنىنى
ئىلىخودا ئاڭلىدىم.
كېلەي دېسەم چارە يوق،
بىر خۇداغا يىغلىدىم.

ئانالىقلار راھەتتە،
ئاتالىقلار راھەتتە.
بىز يېتىملار مەينەتتە،
يېتىملىككە چارەم يوق.

سىز سەكراتقا چۈشكەندە، ئانام، ئانام، ئانام،
خورەك تارتتى، دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
كۆزلىرىڭىز يۇمۇلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
ئۇخلاپ قالدى، دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
ئېڭىكىڭىز تېڭىلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
رومال ئارتتى دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
غۇسلى سۈيى قۇيۇلغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،

تاھارەت ئالدى، دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
كېپەن تونى كىيگەندە، ئانام، ئانام، ئانام،
كۆڭلەك كىيدى، دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
جىنازىغا سالغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
مەيگە چۈشتى، دەپتىمەن ئانام، ئانام، ئانام.
خەلقىئالەم يىغلىغاندا، ئانام، ئانام، ئانام،
تويى بولدى، دەپتىمەن، ئانام، ئانام، ئانام.
يېتىپ باردۇق مازارغا، ئانام، ئانام، ئانام،
كىرىپ كەتتىڭىز سارايغا، ئانام، ئانام، ئانام.
قاراپ قالدۇق كامارغا، ئانام، ئانام، ئانام،
يېتىپ قالدۇق تالادا، ئانام، ئانام، ئانام.

بىر يىل بولدى كەلمەدىڭ، ئانا، يېنىپ،
كېچە - كۈندۈز يىغلايدۇ غېرىب بالاڭ.
سېنى يالغۇز قالدى دەپ كەلدىم يوقلاپ،
جانىم ئانا، غېرىب ھالىمغا قاراڭ.

چىرايىمغا قاراپ باقمىڭ ئويغىنىپ،
كېچە - كۈندۈز يۈرىمەن تولغىنىپ.
بۇ دۇنيادا يېتەرىم يوق ھالىمغا،
تۈگەپ كەتتىم ھىلىلىدەك قورۇلۇپ.

جانىم ئانا، ئورنۇڭدىن قوپقان بولساڭ،
چىرايىمغا بىر قاراپ باققان بولساڭ؛
غېرىب كۆڭلۈم ئاچىلىپ كۈلۈپ كەتسە،
دەرۋازاڭدىن بىر قاراپ يانغان بولسام.

جانىم ئانا، بۇ دۇنيادا مەن غېرىب،
يىگىرمە ئالتە ياشىمدا سەندىن ئايرىلىپ.
خىيال بىلەن يىلى ئۆتتى ئۆمرۈمنىڭ،
يولدا قالغان سامان ئوخشاش سارغىيىپ.

يىغلىما دەپ تەسەللى بەردىلەر ماڭا،
يۈرەك ـ باغرىم چىدىمايدىكەن ساڭا.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن، جان ئانا،
يېتىم بولۇپ بېشىم ئوچۇق قالدى مانا.

ئانا، كەتتىڭ قارىماي مەن يېتىمگە،
خۇدايىتائالا يەتكۈزگەي نىيىتىمگە.
بىلدىم ئەمدى كۈن چۈشكەندە بېشىمغا،
سەن هاياتتا يەتمەپتىمەن قەدرىڭگە.

دۆلىتىڭدىن ئايرىلدى ئەزىز بالاڭ،
كېچە ـ كۈندۈز خىيالدا بولدۇم ساراڭ.
بەرگەن سۇتۇڭ هەققى قالدى بوينۇمدا،
ئۆلۈمۈڭنى ئۇزىتالماي ئاجىز بالاڭ.

تاشتىن قاتتىق كەلدى ماڭا كەمبەغەللىك،
ئانا، تاپالمىدىم ساڭا بىر كېپەنلىك.
ئارزۇلىغان يەرلىكىڭدە ياتالمىدىڭ،
ياتقان يېرىڭ بولدى ئاخىر شۇ تىكەنلىك.

تىكەنلىككە تىكەن دەسسەپ ياياق كەلدىم،
هەمراهىم يوق غېرىب يالغۇز يىغلاپ كەلدىم.

بىر يىل بولدى سەن بۇ ياقتا ياتقىلى،
غېرىب كۆڭلۈم بىلەن سېنى يوقلاپ كەلدىم.

كەتكەنىكەن ئاتام مېنى ساڭا تاشلاپ،
جانىم ئانا، كەتتىڭ مېنى كىمگە تاشلاپ؟
بۇ دۇنيادا ئۆتەرمەنمۇ غېرىب بولۇپ،
يېتىملىكتە كۆڭلۈم كۈلمەي يىغلاپ ــ قاقشاپ؟

دەرد بىلەن ئۆلۈپ كەتتىڭ، جانىم ئانا،
سەن كېتىپ، ئالتە بالاڭ نەدە قالار؟
بالا تۇغۇپ دۆلىتىنى كۆرمىدىڭ،
قادىر خۇدا جايىڭنى جەننەت قىلار.

قادىر خۇدا جايىڭنى جەننەت قىلار،
بىز يېتىمنى قايسى كۈن كويغا سالار؟
بىز يېتىمنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلسا،
بېھىشتىكى ھۆرلەرگە ھەمراھ قىلار.

يېتىملىكتە بېشىمىز ئەجەب قاتتى،
بارچە دەردنى مېھرىبان ئانام تارتتى.
ئالتە يېتىم قوزىسىنى باققىلى،
چاكارلىققا ئۆزىنى بايغا ساتتى.

دەردى يوق ئويناپدىكەن بېلىق سۇدا،
باللارغا تۇۋرۇك ئىكەن ئاتا ــ ئانا.
خەق قولىدا يۇرىمىز سوقۇلۇپ،
خۇدايىمغا نېمە قىلدۇق ئالتە بالا؟ !

قوينۇڭنى ئاچ، يېنىڭدا ياتادىمەن،
ئەرگە تەگمەي بالامنى باقادىمەن.
خىيال قىلسام بۇ دەردكە نېمە چارە،
ناخشا ئېتىپ كۆڭلۈمنى ئاچادىمەن.

قىبلىدىن شامال كەلسە،
مەن ئانامنى سورايمەن.
كېلۈرمۇ دەپ ئانامنى،
يولغا چىقىپ قارايمەن.

يىغلىدىم، مەن يىغلىدىم،
قارا كۆزۈم تولغۇچە.
نېمىشقىمۇ تۇغقانسەن،
يېتىملىككە قويغۇچە؟ !

مەن ئەمدى قانداق چىداي،
يېنىڭىزغا بارغۇچە.
جۈپتۈگارىم، تىلىلما،
ئازار كەلدى كۆڭلۈمگە.

ئانامنى دەپ يىغلايمەن،
يىغام تولا ئىچىمدە.
مەن ئانامدىن ئايرىلىپ،
راھىتىم يوق ئۆيۈمدە.

يازغى بۇغداي مايسا بولدى،
كۈزگى بۇغداي نەدە بار؟

جان چىقار ھالەتكە يەتتى،
جان ئانا، سەن نەدە بار؟ !

ئاتام ئۆگەي، ئانام ئۆگەي،
بالام دېمەيدۇلا مېنى.
شۇ كۈندە ئۆلۈپ كەتسەم،
يامان دېمەيدۇلا مېنى.

# قەمبەرنسا

قەمبەرنسا بىر گۈل ئىدى،
شوخ سايرىغان بۇلبۇل ئىدى.
ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدى،
دەسسەپ پەلەك چىك يەنجىدى.
ئاڭلا، جاھان، ئەيلەي بايان،
قىسمەتلىرى بولسۇن ئايان.

قەمبەرنسا، قەمبەرنسا،
جېنىم بالام قەمبەرنسا.
قەمبەرنسا، قەمبەرنسا،
ئوتتۇك يامان، قەمبەرنسا.
ئەيلەي بايان، بولسۇن ئايان،
كەچمىشلىرىڭ، باغرىم بالام.

ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدىڭ،
بوينۇمدىكى ئۇنچە ئىدىڭ.
ئاسماندىكى ئايىم ئىدىڭ،
ئۆسكەن نۆۋەر تالىم ئىدىڭ.

نۇر چاقنىغان يۇلتۇز ئىدىڭ،
سۇمبۇل چېچى قۇندۇز ئىدىڭ.

يا ھەسرىتا، نادامىتا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.
چاقتى سېنى يىلان ـ چايان،
قىستى سېنى بۇ تار زامان.

ئاپئاق ساقال بىر چال ساڭا
سالدى، بالام، چاڭگال ساڭا.
ئاكاڭ سېنىڭ زالىم ئىدى،
تەگ دەپ سېنى بەك زورلىدى.
توي ئاخشىمى قاچتىڭ، بالام،
زۇلۇمغا تاقابىل تۇرالماي، بالام.

يا ھەسرىتا، بىلمەپتىمەن،
بۇنداق بولار دېمەپتىمەن.
سۇغا ئېتىپ ئۆزۈڭنى سەن،
قانداقچە يۇمدۇڭ كۆزۈڭنى سەن؟!
ياقا يىرتىپ تۇتتۇم ھازا،
كەلدى ماڭا بالا ـ قازا.

دەردىڭدە مەن، رەڭگىم سامان،
ماڭا، بالام، باقماس زامان.
بايلار، بالام، خۇددى چايان،

ئوڭدا يىتىپ تاپتى ھايان.
بىز ئىشلىسەك ئالماي ئارام،
زار قاقشىغان تەگمەي سامان.
ئاڭلا، جاھان، ئاھىمنى سەن،
كۆرگىن مېنىڭ زارىمنى سەن.

قىسمەتلىرىڭ بارمۇ يەنە؟
قىلغانلىرىڭ ئازمۇ يەنە؟
يەتتى ماڭا كۈلپەت، زۇلۇم،
قاپقان – تۇزاق ئوڭ ۋە سولۇم.
ئالدىمدا يار...
كەينىم دوزاخ...
ھەسرەت – پىغان چەكتىم ئۇزاق.

ئالەم، ساڭا ئېيتاي سۆزۈم،
يوقكەن سېنىڭ مۇتلەق يۈزۈڭ.
ئەجەب تولا ئەزدىڭ مېنى؟
چايناپ يۇتاي دەمسەن مېنى؟
قانخور پەلەك، زالىم پەلەك،
قان – زەردابقا تولدى يۈرەك.

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.
دۇنيا ھارام بولدى ماڭا،
قالدى ئاناڭ يالغۇز مانا.
قەمبەرنىسا بىر گۈل ئىدىڭ،
شوخ سايرىغان بۇلبۇل ئىدىڭ.

شۇنداق تورۇپ كېتەمسىنا؟
يالغۇز مېنى قويامسىنا؟
يا ھەسرىتا، نادامىتا،
قانداق قىلاي، قەمبەرنىسا؟
يا ھەسرىتا، نادامىتا،
جېنىم بالام قەمبەرنىسا.

يا ھەسرىتا، نادامىتا،
قانداق قىلاي، قەمبەرنىسا؟
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا؟
يا ھەسرىتا، نادامىتا !
نادامىتا، نادامىتا... !

*قەمبەرنىسانىڭ سىڭلىسىنىڭ غەزىلى:*

ئايدىن چىرايلىق ئاچام، سېنى
ئۆلۈپ كېتەر دېمەپتىمەن.
كۈندىن چىرايلىق ئاچام، سېنى
تۈگەپ كېتەر دېمەپتىمەن.
بىلمەپتىمەن، بىلمەپتىمەن،
بۇنداق بولارسەن دېمەپتىمەن.

ئالەم، سېنى كەڭ دەيدىكەن،
قېنى سېنىڭ كەڭرىلىكىڭ؟
ئاسمان ـ زېمىن، بەرگىن جاۋاب،

قېنى مېنىڭ قەدىرلىكىم؟
بىلمەپتىمەن، بىلمەپتىمەن،
داغدا قالارمەن دېمەپتىمەن.

*قەمبەرنىسانىڭ دوستىنىڭ غەزىلى:*

قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
ئەزدىك مېنىڭ كۆڭلۈمنى سەن.
شۇنداق غازاڭ قىلامسىنا،
گۈلدىن گۈزەل ئۆمرۈڭنى سەن.
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
جېنىم دوستۇم قەمبەرنىسا.

چاقماق چېقىپ، يامغۇر يېغىپ،
چىقتى بوران، كەلدى قىيان.
ماتەم تۈتۈپ، مۈڭ ياغدۇرۇپ،
غەم ـ قايغۇغا چۆمدى جاھان.
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
قانداق قىلاي قەمبەرنىسا؟

بۇ دۇنياغا بىز قىز بولۇپ،
تۇغۇلمىساق بولۇپتىكەن.
گۈل ھۆسنىڭىز، قەمبەرنىسا،
ئۆزىڭىزگە بولدى تىكەن.
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
بىزگە ئۇۋال، قەمبەرنىسا.

ئاھ دوستىما، جان دوستىما،
تاشلاپ مېنى كېتەمسىنا.
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا،
تاشلاپ مېنى كېتەمسىنا.
قانداق قىلاي، قەمبەرنىسا،
قەمبەرنىسا، قەمبەرنىسا.



# ئانام قۇنخان

ئانا مېھرىدىن
ئىسسىق نەرسە يوق.
ئانا رىشتىدىن
پىششىق نەرسە يوق.
ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

تۇغۇپ چوڭ قىلغان
ئالته بالىنى.
بىر ئۆزى قىلغان
ئۆينىڭ كارىنى.
ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

دادام ھەپسىگە
كىرىپ كەتكەندە،
دېگەن: چارە يوق
بىزدەك دەردمەنگە.

ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

دادامدىن كەلسە،
شۇم خەۋەر... ئاڭلاپ.
قالدىڭ ئەمەسمۇ،
زار - زار يىغلاپ؟
ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

ئۆتتۇڭ دۇنيادىن
دەردىڭ بەك تولا.
بىۋاپا ئالەم
باقمىدى ساڭا.
ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

ئالتە بالاڭنىڭ
ھەممىسى نەدە؟
تېنىگەن قۇشتەك
كەتتى ھەر يەرگە.
ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

كەتتى بىر ئاكام
ھاجى بولاي دەپ.
بىرى سودىغا،

كۆپ پۇل تاپاي دەپ.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

ئىككى ئاچامنىڭ
ئۆيىمۇ يىراق.
يۈرەك ـ باغرىمنى
ئەزدىغۇ پىراق.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

سىڭلىم ئاسىمەن
تېخى ئالتە ياش.
مەن دەردتە ئۆيدە
قالدىم يالغۇز باش.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

قالدى قۇپقۇرۇق
ئايۋان ـ سارايلار.
قالدى چۆلسىرەپ
هويلا هەم باغلار.
ۋاي ئانام قۇنىخان،
ۋاي دادام كارۋان.

باغدىكى ئۆرۈك،
ئەنجۈر هەم ئانار،

قاغجىراپ قاپتۇ،
كۆرسەم مۇلك ياغار.
ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

قوغۇن ــ تاۋۇزنىڭىز،
سەۋزە ــ چامغۇرنىڭىز،
تەلمۈرۈپ يىغلاپ،
قالدى يالغۇزنىڭىز،
ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

ياۋاشلاپ كەتتى
قوي، كالا، ئېشەك.
سىزنى ئويلىسام،
يېرىلار يۈرەك.
ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

ئارقىغا چىقسام،
باسقان ئىزىڭىز.
ئاھ، قانداق قىلار،
يالغۇز قىزىڭىز؟
ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

ئاق قۇشقاچ توپ ــ توپ
ۋىچىرلىشىدۇ.

سىزنى ياد ئېتىپ
پىچىرلىشىدۇ.
ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

قانداق قىلىمەن،
قانداق ئېتىمەن؟
ئۆلۈپ كېتىمەن،
تۇگەپ كېتىمەن.
ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

ۋاي ئانام ــ ئانام،
دۆلىتىم ئانام.
ماڭسام يېنىمدا،
سۆلىتىم ئانام.
ۋاي ئانام قۇنخان،
ۋاي دادام كارۋان.

تېخى ئاخشام
ماڭا قاراپ،
كۆزىگە ياش
ئالغان ئانام.

يېتىم بولۇپ
قالدىڭ، بالام،
دەپلا گىرە
سالغان ئانام.

يىغلاپ تۇرۇپ
غېمىمنى يەپ،
چاچلىرىمنى
سىلىغان ئانام.

ئالتە بالام،
ئالتە بالام،
دەپ ھەمىشە
ئويلىغان ئانام.

ئاكام كەلسە نېمە دەيمەن؟
ئاچام كەلسە نېمە دەيمەن؟
ئۇكام كەلسە نېمە دەيمەن؟
مەن سىڭلىمغا نېمە دەيمەن؟

مەن يىغلىسام، ئاھ، ئانىما،
ئىچىمگە پاتماس دەردىما.
يۈرىكىمدە بەك تولا
قىلالمىغان گەپلىرىما.

گەپلىرىما، گەپلىرىما،
يۈرەكتىكى گەپلىرىما.
تۆكمەيدۇ ئىپتىقانغا،
ئىچىمدىكى دەردلىرىما.

ۋاي يۈرىكىم، ۋاي يۈرىكىم،
تاشلاپ كەتتىڭ ئەمەسمۇ؟

مەن بالاڭنىڭ كۆزىنى
ياشلاپ كەتتىڭ ئەمەسمۇ؟

دورا قىلاي، دورا قىلاي،
مەن ئايلىنىپ دورا قىلاي.
دەرد ـ ئەلەمنى مەن سۆزلەپ،
سەن ئانامغا قەبرە قىلاي.

سەۋر قىلاي، سەۋر قىلاي،
مەن نېمىشقا سەۋر قىلاي.
سەن ئانامنىڭ قەبرىسىنى
يىغلاپ تۇرۇپ دورا قىلاي.

ئاق باغلىدىم بېلىمغا،
گەپ كەلمەيدۇ تىلىمغا،
نوغۇچ ئالدىم قولۇمغا،
مەن يىغلايمەن ئاھ ئۇرۇپ.

تېرىق ئالدىم تۇلۇمغا،
مەن غېرىب بىر بۇلۇڭدا.
چىقىپ قەبرە بېشىڭغا
مەن يىغلايمەن ئاھ ئۇرۇپ.

# داغى پەرزەنت

بۇرادەرلەر، سىلەرگە ئەرزىم،
ئايلاندى بۇ مېنىڭ بېشىم.
گىرىپتارى غەمى پەرزەنت،
زەھەر بولدى ئىچەر ئېشىم.

كۆيۈپ پەرزەنت پىراقىدا
سىياھ بولدى ئىچى - تېشىم.
خىيال ئەيلەپ بۇ ئالەمدىن
ئۆتەر بولدى غېرىب بېشىم.

شەمشىدىن قارا قېشىم،
ئۆزىنى كۆرسىتىپ كەتتى.
ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ھىجران
ئوتىنى تاشلىدى، كەتتى.

يېقىپ بۇ تەنگە ئوتلارنى،
يۈزۈمگە كاچاتلىدى، كەتتى.
ئاتاسىنى غېرىب ئەيلەپ،
دۇنيادىن چاچرىدى، كەتتى.

ئىچى ـ تېشىمنى خۇن ئەيلەپ،
كۆزۈمنى ياشلىدى، كەتتى.
غېمى ھەسرەت ئوتى بىرلەن
دىلىمنى ياشلىدى، كەتتى.

گۇمان چالدى بۇ بېشىمنى،
مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟
قەلەندەر سۈپىتى بولدۇم،
بىراۋ بىرلەن ئىشىم بارمۇ؟

باھار پەسلىدە غازاڭ بولدى،
مېنىڭ كېلەر كىشىم بارمۇ؟
يۈرىكىمدە مادارىم يوق،
كۆزۈمدە نەم، يېشىم بارمۇ؟

بۇ ئىشقا سەۋر قىل، دەيدۇ،
ماڭا دوست ـ يارلىرىم ھەردەم.
دەردى بار يىغلىشار ئاڭلاپ،
دەردى يوق يۈرۈشەر، نە غەم.

يۈرەك زەردابقا ئايلاندى،
ئېچىشۇر بۇ مېنىڭ سىنەم.
بۇ دەردكە تاقىتىم يوقتۇر،
ئۈزۈلدى، قالمىدى سەۋرەم.

ئايا دوستلار، بۇرادەرلەر،
قاراڭغۇ تۈندە قالدىم مەن.

كېچە ـ كۈندۈز خىيال ئەيلەپ،
ئېچىلماس كۆنگە قالدىم مەن.

مېنىڭدەك باشقا ئادەمگە
قازالار كەلمىسۇن بۇنداق.
ئېيتقان سۆزلىرىم، دوستلار،
دىلىڭلارغا كېلۇر قانداق؟

تىرىك يۈرگۈچە دەرد تارتىپ،
بۇنىڭدىن ئۆلگىنىم خوپتى.
بالامدىن ئايرىلىپ، دوستلار،
بېلىمنىڭ قۇۋۋىتى كەتتى.

پەيغەمبەر پېشىغا كىردىم،
بۇ نۆۋەت بىزگىمۇ يەتتى.
قاياققا بېرىشىم بىلمەي،
بۇ ئالەمدە بېشىم قاتتى.

مېنى غەم ئوتىغا تاشلاپ،
بېرىپ تۇپراقتا تىنچ ياتتى.
خۇدايا، سەۋرۇ تاقەت بەر،
بۇ جېنىم قىينىلىپ كەتتى.

نۇردۇن يىغلىبان ھەردەم،
سەھەرلەردە زار ئەيلەيدۇ.
بۇ باشقا چۈشسە مۇنداق دەرد،
يىغلىماي بەلكى نە ئەيلەيدۇ.

قارا كۆزۈم، قارا قېشىم،
قاياقتىن مەن سېنى تاپتىم؟
ياتارسەنمۇ گۆرىستاندا،
يېنىڭغا مەن كېلىپ ياتتىم.

زەبۇنلۇق چۈشتى بېشىمغا،
زەھەر قوشۇلدى ئېشىمغا.
تىلى شەمسى ئەجەب شۇڭقار،
خىرامانىمدىن ئايرىلدىم.

كۆزۈمنىڭ گۆھىرى كەتتى،
كۆڭۈلنىڭ شادلىقى كەتتى.
تىلىمنىڭ تاتلىقى كەتتى،
قەدىردانىمدىن ئايرىلدىم.

ئۆلۈمنىڭ خەنجىرى تەگدى،
مېنىڭ باغرىمنى چاك قىلدى.
يۈرەكنى قانۇقان تىلدى،
سائادەتىمدىن ئايرىلدىم.

ئۆيۈمدىن بەرىكەت ئۇچتى،
بېشىمدىن دۆلىتىم كۆچتى.
لەھەت تۇپرىقىنى قۇچتى،
كامالىتىمدىن ئايرىلدىم.

بۇ دۇنيادا ۋاپا كۆردۈم،
قېرىغاندا جاپا كۆردۈم.

ۋۇجۇدۇمنى خاپا كۆردۇم،
دالالىتىمدىن ئايرىلدىم.

باھارلاردا بۇلبۇل سايراپ،
چېكىپ دىلىنى قىلۇر ئارمان.
يۇرەك - باغرىمنى قىلدى قان،
كارامىتىمدىن ئايرىلدىم.

نېچۇك ئەيلەي خۇدالىقنى،
تاپالمىدىم رىزالىقنى.
نىتەي ئەمدى گادايلىقنى،
ئادالىتىمدىن ئايرىلدىم.

ماڭا مۇشكۇل بولدى سېنىڭ كەتكىنىڭ،
سەنسىز بىكار مېنىڭ تىرىك يۈرگىنىم.
سەنسىز ئۆيلەر ماڭا قاماق بولغۇسى،
زەھەر بىلەن زوقۇم تاماق بولغۇسى.

كۆز ئالدىمدىن كەتمەس ئايدەك يۈزلىرىڭ،
قۇلىقىمغا ئېيتقان شېكەر سۆزلىرىڭ.
خۇددى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرغاندەك،
كۈلۈپ تۇرغان بوتا، قارا كۆزلىرىڭ.

كېچە - كۈندۈز ئۇنى ئىزدەپ تاپمىدىم،
خۇدالىققا زادى داۋا تاپمىدىم.
قايان كەتتىڭ، مېھرىبانىم، نىگارىم،
ئۇزۇن تۈنلەر سېنى ئويلاپ تاپمىدىم.

دىلىمدىن نالىلەر قىلدىم،
ئۆيۈمنىڭ زارىنى بىلدىم.
ئىتائەت قىلمىدىم، تەڭرى،
سېنىڭ يولۇڭدىن قايرىلدىم.

بۈگۈن ماڭا قارا كۈندۇر،
بۇ دەھشەتلىك ئېغىر كۈندۇر.
قارا ياغلىق تۇتۇپ كۆزگە،
ماتەم قايغۇسى كۈندۇر.

مۇھەببەت غارىغا كىرگەن
ئانارخان تېڭىنىڭ قالدى.
زامانەڭگە ئوقۇپ نالە،
سېنىڭ مىسكىن ئاتاڭ قالدى.



# نورۇز قوشىقى

شۇغۇن[1] كېچە، نورۇز كېچە،
يىللار ئۆرۈلدى.
يۈرەكتىكى سېرىق سۇلار
قانغا ئۆرۈلدى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

يىل بېشى نورۇز كۈنى
يار قوينىدا ياتقۇم كېلۇر.
شۇغىنە يار ۋەسلىدە
سۇ بولۇپ ئاققۇم كېلۇر.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

يىل بېشى نورۇز كۈنى
قارلىغاچ - تۇرنا جۇپ كېلۇر.

---

① شۇغۇن — شۇ.

گۈل ـ گىياھلار ئېچىلىپ،
يۇرتقا شادلىق ئېپ كېلۇر.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

يېتىپ كەلدى بۇ نورۇز،
ئېچىپ غۇنچە بىزلەرگە.
نورۇز شادلىققا چۆمۈپ،
كەلدى سىز ھەم بىزلەرگە.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

بۈگۈن كەلدى بۇ نورۇز،
غۇنچە گۈلدەك ئېچىلىپ.
بېشىمىزغا ئالتۇندەك،
نۇر ـ ئاپتاپلار چېچىلىپ.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

نورۇز كېلىپ بىزلەرگە،
يىل باھارى كەلتۈردى.
ئېتىزلارنى، باغلارنى
خۇشاللىققا چۆمدۈردى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.


نورۇز كەلدى ئالدىراپ،
پاقىلارمۇ توي قىلدى.
توي ئۈستىگە توي ياساپ،
بوز تورغايمۇ توي قىلدى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

نورۇز كەلدى مۇبارەك،
ئوقۇيدىكەن تابارەك.
خۇش كەلدىڭىز، ئەي نورۇز،
سىزنى قىلاي زىيارەت.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

نورۇز كەلدى تولغىنىپ،
گىياھلارغا چۇلغىنىپ.
گىياھلارمۇ ئىچىلدى،
ياپراقلارغا بۇلغىنىپ.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

خۇشمۇ كەلدى بۇ نورۇز،
زەپ كەلتۈردى باھارنى.
ئەمدى بىزگە كەلتۈردى
كۆندۈرگىلى ناھارنى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.

قىش كېتىپ باھار كەلدى،
تون كېتىپ ناھار كەلدى.
مانا بىزنىڭ بەختىمىزگە،
نورۇز مۇبارەك كەلدى.
شادى بات، شادى بات،
نورۇز مۇبارەك بات.



# رامزان قوشىقى

«رامزان قوشاقلىرى» رامزان ئېيىدا ئېيتىلىدىغان قو-شاقلار بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئادەتلەر بويىچە مۇسۇلمانلار روزى ھېيتنىڭ ئالدىدىكى رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاغا بولغان ئىخلاس ۋە ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى ئۇلار ھەر رامزان ئېيى كىرگەن كېچىسى تۈن نىسپى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ياخشى بىر ۋاخ تاماق (سوھور) يەۋېلىپلا شۇ كۈنى كەچتە ئىپتار ۋاقتى بولغۇچە ئېغىزغا ھېچقانداق نەرسە سالمايدۇ. بۇ ئەھۋال رامزاننىڭ بىرىنچى كۈنىدىن روزا ھېيتنىڭ ھارپا كۈنىگە قەدەر بىر خىلدا داۋاملىشىدۇ. ئەنە شۇ كۈنلەردە خەلق ئارىسىدىكى خالىس نىيەتلىك مۇسۇلمانلار مۆمىنلەرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىغا پېتىپ قېلىپ، سوھور يې-يىش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن قەرەللىك ۋاقىتتا كېچىدە كوچىمۇكوچا، مەھەللىمۇمەھەللە يۈرۈپ، ئاللا يولىدا قوشاق ئېيتىپ كىشىلەرنى ئويغاتقان. مۇسۇلمانلار مۇنداق ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ خالىس ئىشىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ سوھورلۇققا تەييارلىغان تائاملىرىدىن زاكات بەرگەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھەق يولىدا قىلغان بۇ خىل ئەمگە-كى كېيىنكىلەر تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلۇپ، قوشاق تېكىستى-لىرىمۇ بېيىپ ھەم تولۇقلىنىپ ھازىرقى ھالەتكە يەتكەن.

ئاۋۋال باشلاپ خۇدانى ياد ئېتىمىز،
پەيغەمبەرلەر روھىنى شاد ئېتىمىز.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

رامزان ئېيتىپ ئۆتكەن ئۆمەر، ئېلى،
ئۇلاردىن قالغانىكەن نۇسخالىرى.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ياتقان بايلار،
روزىنىڭ زاكاتىغا پاتقان بايلار.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

پەيغەمبەر ئوغلى ھەسەن ئالتە ياشار،
مەككىدىن مەدىنىگە سەككىز باسار.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

ئاسماندىن لەيلەپ چۈشكەن مەللە پوتا
ئۆيۈڭدە بىر ئوغلۇڭ بار خىزىر ئاتا.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

روزىنى ئون بەش تۇتۇپ كەلدۇق سىزگە،
روزىنىڭ زاكاتىنى بېرىڭ بىزگە.

رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

روزى تۇت، ناماز ئۆتە جانىڭ ئۇچۇن،
خەير قىل، زاكاتنى بەر مالىڭ ئۇچۇن،
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

قى - قى - قى، قىزىل خوراز ئەركەك - چىشى،
قاچىدا بىلەن نان بېرىدۇ مەزلۇم كىشى.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

روزىنىڭ ئون يەتتىسى قەدىر كۈنى،
بولتۇرقى مۇسۇلمانلار بۇ يىل قېنى؟
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

بۇ روزا ئۆتسە يەنە روزا كېلۇر،
كىم ئۆلۇپ، كىم تىرىلۇر، ئاللا بىلۇر.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

ئىشىكىڭنىڭ باشىدا ئاي كۆرۈنەر،
ھەممە ئۆيدىن مۇشۇ ئۆي باي كۆرۈنەر.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

روزىدا ئۆلتۇرگىنىڭ كۆك ئالا قوي،
گۆشىنى ئۆزۈڭ يېسەڭ، تۆشىنى قوي.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

سېغىزخان سايرىشىدۇ ساي باشىدا،
ئۆلتۇرگەن مالىڭ قېنى ئاي باشىدا؟
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

ئاق ئۆيۈڭ، ئاپئاق ئۆيۈڭ ئوردا بولۇر،
ئۆيۈڭدە بىر ئوغلۇڭ بار، موللا بولۇر.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

ئۆيلىرىنىڭ ئارقىسى قوينىڭ ئىزى،
پات چىقىپ نان بەرسىلە، باينىڭ قىزى.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

قوزۇقنى ئۇ يەرگە قاق، بۇ يەرگە قاق،
خالتاڭدا ئۇن قالمىسا، سۇپراڭنى قاق.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

بۇ روزا ئوتتۇز كۈن مېھماندۇر،
روزىنى تۇتمىغانلار ھايۋاندۇر.

رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۈممەت دېگەن شۇ رامزان.

ئاق يىلان، ئاپئاق يىلان، كۆز سالسىنا،
مۇسۇلمان بەندىسى بولساڭ ئويغانسىنا.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۈممەت دېگەن شۇ رامزان.

ھەر يەردە شۇنچە ئېپىتىساق كەچ بولىدۇ،
بەرگىنىڭ، بەرمىگىنىڭ ھەش بولىدۇ.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خوش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

بۇ ئوتۇن ئاپئاق ئوتۇن، قاقشال ئوتۇن،
رامزانچىغا نان بەرمىگەن يامان خوتۇن.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خوش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

بۇ ئالەم بەجايى كەپتەرخانىدۇر،
بىرى ئۇچسا، بىرى كېلىپ قونادۇر.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خوش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

بوۋاي قوپتى قوتاندىن قوي تۇتقىلى،
قوغى ئۆرۈلدى بوۋاينى باسقىلى.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خوش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

ئىشىكنىڭ بېشىدىكى قوي بېشىمۇ،
بىر پارچە زاغرا نان ئاتاڭنىڭ بېشىمۇ؟
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

ئۆيۈڭنىڭ ئىچى - تېشى خاندۇپۇرچاق،
ئۆيۈڭدە بىر ئوغلۇڭ بار خام قاپاق.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

ئۆيۈڭنىڭ ئىچى - تېشى يانتاق ئوتۇن،
ئۆيۈڭدىن بىر چىققىدىك، مايماق خوتۇن.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

پەيغەمبەر مىندى ئاق بوز ئاتنىڭ يالىغا،
سالدى قامچا، كىردى جەڭنىڭ يولىغا.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

ئۆيۈڭنىڭ ئىچى - تېشى پۇرچاقلىق،
خۇدايىم پەرزەنت بەرگەي روچاقلىق.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

ئۆيىڭىزنىڭ چۆرىسى قوينىڭ ئىزى،
قوي كۆزى ياغلىق بېرۇر باينىڭ قىزى.

رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
خۇش مۇبارەك كېلىدۇ شۇ رامزان.

پەيغەمبەر ئوغلى ھەسەن، ياقۇپ ئىكەن،
خۇدانىڭ كالامىنى ئوقۇپ ئىكەن.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

رامزان ئېيتىپ كەلدۇق ئىشىكىڭگە،
خۇدايىم ئوغۇل بەرسۇن بۆشۈكۈڭگە.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

بېلىجان ئوينىشىدۇ كۆلچىكىدە،
قۇشناچىم ئۇن بېرىدۇ چۆچىكىدە.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

رامزان ئېيتىپ ـ ئېيتىپ ھارمايمىز،
ئالتە نان بەرمىگۇچە يانمايمىز.
رەببىم ئاللا، رەببىم ئاللا، رامزان،
مۇھەممەت ئۇممەت دېگەن شۇ رامزان.

رامزان، رامزان، رامزان،
بۇ يىل كەلدى يەنە رامزان.
كىم ئۆلۈپ، كىم قالىدۇ ئاللا، بىلەر،
خۇش مۇبارەك پادىشاھتۇر رامزان.

ئۈيۈڭنىڭ ئارقىسىدا قوينىڭ ئىزى،
بىر قاپاق ياغ ئىپچىقىڭ، باينىڭ قىزى.
خۇش مۇبارەك پادىشاھتۇر رامزان.

ئاق توخۇ، ئاپئاق توخۇ قونداقتىدۇر،
بىزگە ساقلىغان تۇخۇملىرى قاپاقتىدۇر.
خۇش مۇبارەك پادىشاھتۇر رامزان.

رامزان ئېيتىپ كەلدىم ئوي مەھەللىدىن،
بىزگىمۇ قويغانمىدۇ لەڭمەنلىدىن.
خۇش مۇبارەك پادىشاھتۇر رامزان.

مەسچىتنىڭ توغراقىنىڭ
ئۇچى قىزىل، تۇۋى قارا.
خۇدايىم بىر بالا بەرسۇن
مەڭزى قىزىل، قاشى قارا.
خۇش مۇبارەك پادىشاھتۇر رامزان.

تۇڭلۇكىڭىزنىڭ بېشىدا ئاي كۆردۇم،
ھەممە كىشىدىن سىزنى باي كۆردۇم.
خۇش مۇبارەك پادىشاھتۇر رامزان.

روزىدا ئۆلتۇرۇشۇڭ بوز ئالا قوي،
گۆشىنى يەپ، تۆشىنى بىزگىمۇ قوي.
خۇش مۇبارەك پادىشاھتۇر رامزان.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ياتقان بايلار،
خۇدانىڭ پەرمانىنى تۇتقان بايلار.

رامزان ئاللا شەھىرى رامزان،
خۇش مۇبارەك كەلدىلە شۇ رامزان،

رامزان ئېيتىپ كەلدۇق ئايماق بىلەن،
چاربدا قېتىق چىقسۇن قايماق بىلەن.

رامزان ئاللا شەھىرى رامزان،
خۇش مۇبارەك كەلدىلە شۇ رامزان.

روزىنى ئون بەش قىلىپ كەلدۇق سىزگە،
روزىنىڭ زاكاتىنى بېرىڭ بىزگە.

مەككىدە بىر توخۇ بار باشى قارا،
خۇدايىم بىر ئوغۇل بەرسۇن قاشى قارا.

تۈگۈلۈكىدىن قارىسا ئاي كۆرۈنەر،
ھەممە ئۆيدىن مۇشۇ ئۆي باي كۆرۈنەر.

رامزان ئېيتىپ كەلدۇق ئىشىكىڭىزگە،
ئاتىغىنىڭىزنى ئېلىپ چىقىپ بېرىڭ بىزگە.

# بارات قوشىقى

«بارات قوشىقى» ھەر يىلى بارات ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى كېچىسى تۈنەكتە ئوقۇلىدىغان، قويۇق دىنىي تۈس ئالغان قوشاقلاردۇر.

بارات ئامەت، ھايات ئامەت،
ئەجەب ياغدى بۈگۈن رەھمەت.
بارات كەلدى تۈيدۈڭلارمۇ،
يامان ئىشنى قويدۇڭلارمۇ؟
باراتۇللا، ھەببۇللا،
مۇھەممەدۇن روسۇلىللا.

بارات كەلدى، ئويۇماڭلار[1]،
ياستۇققا باش قويماڭلار.
ياستۇققا باش قويساڭلار،
قەلەم چالۇر بىرىڭ قالماي.
باراتۇللا، ھەببۇللا،
مۇھەممەدۇن روسۇلىللا.

---

[1] ئويۇش ـــ قېتىپ قېلىش، ئوخلاپ قېلىش.

بارات كەلدى ئاجايىپ تۈن،
قەدرى بولدى شۇبۇ تۈندە.
ئۈخلىماي ئولتۇرۇڭ ئەمدى،
شۇبۇ سۆۋمەن ئۆزۈن تۈندە.
باراتۇللا، ھەبىبۇللا،
مۇھەممەدۇن روسۇلىللا.

بارات كەلدى، ئىلاھا، پەرۋەردىگارا،
كىرەم قىلغىل بىزلەرگە، ئەي خۇداۋەندە.
ئىبەردىڭ سەن ياخشىلارنى،
كەچۈرگەيسەن بىزدەكلەرنى.
باراتۇللا، ھەبىبۇللا،
مۇھەممەدۇن روسۇلىللا.

بارات كەلدى، بىلدىڭلارمۇ؟
قازانغا ياغ قۇيدۇڭلارمۇ ؟
پوشكال، قۇيماق سالدىڭلارمۇ؟
بىزگە ئاتاپ قويدۇڭلارمۇ؟

بارات كەلدى بۇگۈن كېچە،
ئۇخلىماڭلار تاڭ ئاتقۇچە.
بارات ئېيى ئۇلۇغ ئايدۇر،
ئويغاقلارغا جەننەت جايدۇر.

# قار بېيىتى

قار بېيىتى — قار ئويۇنىغا ئاتاپ ئىجاد قىلىنغان بېيىتلاردۇر. ئۇيغۇر خەلقى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا تۇنجى قارنىڭ شەرىپىگە مەخسۇس مەشرەپلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خاسىيەتلىك قارغا بولغان ئىنتىزارلىقى ۋە تەشەككۇرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

ھەقتى ئاللا رەھمىتىدىن
يەر يۈزىگە ياغدى قار.
رەھمىتىنى كەلتۈرۈپ،
پەزلىنى قىلدى ئاشكار.

ئاپئاق - ئاپئاق قارلار ياغدى،
تاغلارنى بويلاپ.
كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
يولۇڭغا قاراپ.

قار يېغىپ، قارلار يېغىپ،
يەر يۈزىنى قىلدى ئاق.
ئۆي ئىچىدە ئولتۇرۇپ،
بولدى خالايىق بىدىماغ.

قار بىلەن مۆلدۈر يېغىپتۇ،
كەلمە، يارىم، ئىز بولۇر.
ئاخشام كېلىپ ئەتە يانساڭ،
بارچە خەققە سۆز بولۇر.

شۇ كۆڭۈللەر تىنچلىقىدىن،
قار ئويۇننى باشلىدۇق.
قوينى توققۇز، غازنى ئوتتۇز،
ھەممىنى تەڭ راسلىدۇق.

چىنىچەينەكتە ھاراق،
ياخشى كەۋسەر راسلىدۇق.
چالغىلى دۇتار ـ راۋاب،
قالۇن ـ ساتارنى راسلىدۇق.

نەغمىچى لازىم دېسە،
مەڭلىك ئۇستامنى راسلىدۇق.
بەرباب چېلىش ئۇچۇن
قۇربان كەكلىكنى راسلىدۇق.

غېجەكنى چېلىش ئۇچۇن
ئاخۇنبەكنى راسلىدۇق.
ئۇسسۇلنى ئويناش ئۇچۇن
نەمەت بوسۇقنى راسلىدۇق.

شۇ كۆڭۈللەر تىنچلىقىدىن
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.

سەرلىكى بىلەن قار ئېلىپ،
ئۆزلىرىگە تاشلىدۇق.

تاڭ سەھەردە چىللىغاي دەپ،
بىر جۇپ خورازنى راسلىدۇق.
بىر جۇپ جۇگان ساچقايمۇ دەپ،
جۇخار گۈلنى راسلىدۇق.

قارلىق ئېلىپ بارغان كىشىنى
پەم بىلەن چىڭ تۇتسىلا.
قېشىغا ئوسما قويۇپ،
پەرداز قىلىپ ياندۇرسىلا.

قار ئېلىپ بارغان كىشى
كەلسە سالامەت يېتىپ.
قار ئېلىپ قالغان كىشى
جابدۇق قىلۇر① ئاتنى چېپىپ.

قارلىقىمنى ئېلىۋېلىپ،
بەخىر امان ياتمىسىلا.
ئۈچ ئوق② مۆھلەت بەردۇق،
چارشەنبە ئويۇن ياشلىسىلا.

ھەقتى ئاللا رەھمىتىدىن يەر يۈزىگە ياغدى قار،
رەھمىتىدىن بەندىلەرگە پەزلىنى قىلدى ئاشكار.

① جابدۇق قىلىش — تەييارلىق قىلىش.
② ئۈچ ئوق — ئۈچ كۈن مەنىسىدە.

قىش كەلگەندە خەلققە بوپتۇ رەسىم ـ قائىدە
بىر يەرگە قارلىق تاشلىماق قەدىملەردىن بارۇ بار.

قاردا قارلىق تاشلىدۇق، يامغۇردا ياغلىق تاشلىدۇق،
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
داستىخان ۋە شىرەلەرنى قەنت ـ گېزەكتە تولدۇرالا،
ۋاقتى كەلسە ئۆزلىرىمۇ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرالا.

گەر تاپسىلا قوي ئۆلتۈرەلا، تاپالمىسىلا چۆجە خوراز،
ياقسا كۆڭۈلگە گۈل كەلتۈرەلا، ياقمىسا بىر باش پىياز.
يېمەك ـ ئىچمەك، نەغمە ـ ناۋا، سازەندىلەر ئۆزلىرىدىن،
ناخشا ـ ئۇسسۇل، خۇش چاقچاق، چۇقان ـ سۈرەن بىزلەردىن.

قارلىق ئاپارغان كىشىنى پەمىن ئەيلەپ تۇتالا،
يۈزلىرىگە قارا سۈركەپ ئالدىمىزغا ئەكېلالا.
رازىمىزكى، بۇرادەر، بەزىمىزدىن ئۆتسىلە،
جاندىن مېھرىبان بىلۇرمىز، خۇش بولۇربان كەتسىلە.

ھەقتى ئاللا رەھمىتىدىن يەر يۈزىگە ياغدى قار،
رەھمىتى، پەزلىنى قىلدى بەندىلەرگە ئاشكار.
بىر يەرگە قارلىق تاشلىماق تا قەدىمدىن بارۇ بار،
كىمگە قارلىق تاشلىماق ھەر كىم ئۆزىگە ئىختىيار.

دىلبىرىم، بۇ نامە بىرلە سىزگە قارلىق تاشلىدۇق،
تۇنجى قارنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
غازنى ئوتتۇز، قوينى توققۇز، ھەممىنى تەڭ راسلىدۇق،
چىنەتەخسە ئىچىدە قەنت ـ ناۋاتلار راسلىدۇق.

مەسلىھەت بىرلە ئۆزلىرىنى ساقىيلىققا تاللىدۇق،
چايچىلىققا قولى ئەپلىك ئايشىخاننى ياللىدۇق.
نەغمىچى لازىم دېسە، سادىر ئاخۇننى تاللىدۇق،
ئۇسسۇلچى لازىم دېسە، زەيتۇنخاننى تاللىدۇق.

قار يېغىپتۇ، سوغ بولۇپتۇ، مەشرەپ ئەتمەسمۇ كىشى،
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا، تەكلىپ ئەتمەسمۇ كىشى.
ئۆزلىرىدەك ياخشى ئادەم، قولى ئوچۇق قايدا بار،
قوتاندا قوي، تاغاردا ئۇن، پۇل دېگەن ساندۇقتا بار.

ئۆزلىرىدەك مېھرى ئىللىق ياخشىلارغا قىش ئەمەس،
گۆش ـ گۇرۇچ، سەۋزە، ياغنى بازاردىن ئالماق ئىش ئەمەس.
قارلىق ئېلىپ بارغان كىشى ئىنتىھا ئەيىار بولۇر،
قارلىق دېگەن قانچىلىك، بىر قوي بىلەن تەييار بولۇر.

ھەمدۇ سانايى بىئەدەر،
ئول خەلقى پەرۋەردىگار.
رەھمەت بىلەن قار ياغدۇرۇپ،
پەزلىنى قىلدى ئاشكار.

خەلقىئالەم قۇدرىتى
ياز بولسا يامغۇر ياغدۇرۇپ.
يەر ھەم دەرەخلەر كۆكلىتىپ،
چۆللەرنى قىلدى نەۋ باھار.

قىش بولسا، ئالەم چۆل بولۇر،
ئاسمانۇ يەر يەكسان بولۇر.

چۆللەرنى بوستان قىلغىلى،
قادىر ئىگەم ياغدۇردى قار.

پەسلى زىمىستان ۋاقتىدا،
بەزمە ئەيلىسەك دەپ ئارزۇ.
غەم ـ غۇسسىنى دەپئى ئەتكىلى،
دوست ۋە يارەن قارلىق يازار.

بىز تاشلىدۇق قارلىق يېزىپ،
بەزمە ئەتسىلە ئىززەت قىلىپ.
دۇشمەنلىرى ھەسرەت قىلىپ،
قان يىغلىسۇنلەر زارۇ زار.

غەم قىلمىسڭىز كۆپ قايغۇرۇپ،
جابدۇق ھەممە تەييار ئېرۇر.
مىڭ شۇكۇر، ئالەم توقچىلىق،
ھەر نەرسىلەر كەڭ ـ كەڭرى بار.

قوتاندا قوي، ئامباردا ئۇن،
ساندۇقتا پۇل، خىزمەتچى ھەم.
لازىملىقتۇر يەل ـ يېمىش،
قەندۇ شېكەر بازاردا بار.

چەينەكتە چاي، پەتنۇستا نان،
زىختا كاۋاپ، خوندا[1] گېزەك.

---

① خوندا ــ قەندان.

مايلىق توقاچ، مايلىق پولۇ
ھەم راسلىنىپ تۇرسۇن قاتار.

تاۋۇز، قوغۇن، ئالما، ئانار،
ئەنجۈر بىلەن ھەم نەشپۈت،
بادام، ئۈزۈم، پىستە، مېغىز،
ھەر قايسىسىدىن تۆت - بەش تاغار.

نەغمە - ناۋا بولسا كېرەك،
ئەسۋابلىرى ھازىر ئىكەن.
قالۇن، ساتار، تەمبۇر، غېجەك،
سۇناي، راۋاب ھەم داپ - دۇتار.

مەجلىسكە زىننەت بەرگىلى
بىر دىلبىرى رەنا كېرەك.
شوخلۇق قىلىپ ھوش ئالغىلى،
بەزمە ئەھلىدىن قوش ئالغىلى.

ساقىي بولۇپ مەجلىس ئارا،
چاي تۇتسا ئول نازۇك بەدەن،
ئويناپ ئۇسسۇل ئۇ ھەممىنى
ھەردەم قىلۇرلەر بىقارار.

مەقسەت يېمەك - ئىچمەك ئەمەس،
ئەسلى مۇھەببەتنىڭ ئىشى.
دىلدا مۇھەببەت بولمىسا،
بۇ تەن دېگەن نە ئېتىبار؟!

بەزمە ئەيلىمەك كەلسە ئېغىر،
ھەم بار ئاڭا قىلماق ئىلاج.
پەھىم بىلە قارلىق ئىلىپ
بارغان كىشىنى چىڭ تۇتار.

ئۆز قارلىقنى تۇتتۇرۇپ،
ياندۇرسا ئۆيگە ئۇقتۇرۇپ،
ئىككى يۈزىگە رەڭ بېرىپ،
زىننەتلىسۇن خۇددى ئانار.

بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمىغاي،
ھىممەت بىلەن بولغان كىشى.
غەيرەت قىلىپ بەزمە ئەيلىگەي،
بۇ ئىشنى بىلگەي ئىپتىخار.

# پېرە قوشىقى

«پېرە» ئويۇنى شامان دىنى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە بارلىققا كەلگەن، كېيىنكى مەزگىللەردە «پېرە» ئويۇنى ئىسلا-مىزم ئېتىقادىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئەمما شەكىل جەھەتتىن يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان. پېرە قوشاقلىرى «پېرە» ئويۇندا ئوقۇلىدىغان قوشاقلاردۇر.

ئەلھەمدۇلىللا ئوقۇيمەن،
جىنغا توقۇم توقۇيمەن.
ياھۇ ئاللاھۇ، ھەي، ياھۇ ئاللاھۇ.

جىن سەكرىسە سەكرىسۇن،
مەن سەكرىمەي ئوقۇيمەن.
ياھۇ ئاللاھۇ، ھەي، ياھۇ ئاللاھۇ.

جىن پىرىما، جىن پىرىم،
قىچقارغاندا كەل، پىرىم.
ياھۇ ئاللاھۇ، ھەي، ياھۇ ئاللاھۇ.

ئادا بولدۇم ئىزارتىپ،
قارا تۆمۈرنى قىزارتىپ.
ياھۇ ئاللاھۇ، ھەي، ھەي ئاللاھۇ.

يېشىل تونلۇق شەنجىرخان،
قوللىرىدا خەنجىرخان.
ياھۇ ئاللاھۇ، ھەي، ھەي ئاللاھۇ.

ئوبدان ئوينا، ئەي باللا،
ياخشى ئوينا، ئەي موللا.
ياھۇ ئاللاھۇ، ھەي، ھەي ئاللاھۇ.

پىلدىراپ ئوينا !
چۆرگىلىپ ئوينا !
ياھۇ ئاللاھۇ، ھەي، ھەي ئاللاھۇ.
ۋەرۇ، ھۇ بۇ ھۇپ، بەينەر ۋاھابى،
جەررى ئەببۇبى، شەرۇل ھەببۇبى.

بەينەر ۋاھابى، شەررۇ ھەببۇبى،
سەببۇرە ھىبۇھۇ، ئەينەل ماھابۇ.
ياھۇ ئاللاھۇ، ياھۇ ئاللاھۇ،
ھەي - ھەي، ياھۇ ئاللاھۇ...

# كۆك مەشرەپى ۋە كۆك بېيىتى

كۆك مەشرىپى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر خىل ئاممىۋى سەنئەت شەكلىدۇر.

دېھقانلار مول ھوسۇل خۇشاللىقى، تىنچ - خاتىرجەم ھەم مۇقىم تۇرمۇشقا بولغان رازىمەنلىكىنى ئىپادىلەش، شۇنداقلا زېرىكىشلىك قىش پەسلىنى خۇشال - خۇرام، كۆ- ڭۈل ئازادىلىكى ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىپ، قىش پەسلىدە كۆك (بۇغداي مايسىسى ياكى ئۇندۇرمە) ئۇندۇرۇپ، ئۆستۈرۈلگەن ئاشۇ خاسىيەتلىك «مايسىگۈل»نىڭ شەرىپىگە تەنتەنىلىك مەشرەپ ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ ئويۇننى ئوينىغۇچىلار ئالدى بىلەن ئىۆرىق ياكى ساپال قاچىلارغا بۇغداي ئۇندۇرۇپ، ئۇنى قىزىل، يېشىل رەخت پارچىلىرى بىلەن چىرايلىق جاب- دۇغاندىن كېيىن، توققۇز خىل مېۋە - چېۋە تەييارلاپ، قو- لۇم - قوشنا، دوست - يارەنلىرىنى، ئەلنەغمىچىلەرنى تەك- لىپ قىلىپ، كەچلىك مەشرەپ ئۇيۇشتۇرىدۇ. مەشرەپ ئاخى- رىدا مەشرەپ باشلىغۇچى (ئۆي ئىگىسى) ئۇندۇرگەن «مايسا خېنىم»نى كۆڭلى خالىغان بىر دوستىغا بېيىت - نەزمىلەر بىلەن تۇتىدۇ، قارشى تەرەپمۇ بېيىت ئوقۇپ كۆك مايسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئىككىنچى قېتىم ئۆتكۈزىدىغان مەشرەپنى

ئۈستىگە ئالىدۇ. ئارقىدىنلا بارلىق مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرى كەينى - كەينىدىن ئۇق ئېتىپ (كۈن توختىتىش مەنىسىدە) ئىختىيارىي ھالدا ئۆزىنىڭ مەشرەپ ئۆتكۈزىدىغان كۈنىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىش بويى قاتار ئوينايدىغان كۆك مەشرىپى باشلىنىدۇ. مەشرەپ تارقىغاندا سورۇن ئەھلى «مايسا خېنىم»نى نەغمىچىلەرنىڭ باشچىلىقىدا ئۆلەن ئېيتىپ، نۆۋەت كەلگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە داغدۇغا بىلەن كۆچۈرۈپ قويىدۇ. «كۆك مايسا خېنىم» ئەتىياز كەلگۈچە نەچچە ئون ئائىلىنى ئايلىنىپ ئاخىر يەنە دەسلەپ مەشرەپ ئۇيۇشتۇرغۇچىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىدۇ، مەشرەپ باشلىغۇچى يەنە قايتا مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئويۇننىڭ خۇلاسىسىنى چىقىرىدۇ. شۇ چاغدىلا كۆك مەشرىپى ئاخىرلىشىدۇ.

(1)

ئول خۇدانىڭ قۇدرىتى بىرلەن
بىرلا كۆكەردى شۇ كۆكۈم.
شاھى رەڭلىك، غۇنچە مەڭلىك،
دەرمەھەل ئۈستى كۆكۈم.
ئول تىۋەڭدە ئولتۇرادۇ،
بويلىرى ئالتۇن كۆكۈم،
بويلىرى ئالتۇن كۆكۈمنىڭ
گۈل زىمىستان بېغىدىن بولمىقى.
بىزگە ئەجەب،
بىر كۆرۈپ، خۇشخۇي كۆرۈپ،
قۇرغۇي تېغى بىلگىل ئەجەب.
گۈل زىمىستاندا ئاچىلىپتۇ،

سەبزى باھارنىڭ ئەگىلى.
سەبزى باھارنىڭ ئەگىلىدىن
ياخشىلارنىڭ مىلىسىدىن
سەبزە ئۇندى قىشلىقى.
قىشلىقى ئۇنگەن سىچەكنىڭ
تەرىپى نازۇك تۇرۇر.
قول سىلىپ ئالغان كىشى
بۇ سىچەككە ئاشىق تۇرۇر.
بۇ كۆكۈم ئۆزى شاۋان،
ھىلى يوقتۇر قەدىمكى زامان.
قىشلىقى كۆك ئۇندۇرمەك
بىزگە بوپتۇ خۇدادىن پەرمان.
قىشلىقى كۆك ئۇندۇرمەك
بىزگىمۇ ئاسان ئەمەس.
بۇ ئويۇنلارنى ئوينىماق
خانغىمۇ تايىن ئەمەس.
بۇ سۆزلەرنى يالغان دىمىسىلە،
بىرىمۇ يالغان ئەمەس.
كۆكنى تۇتتۇق، خۇش ئالسىلا،
جىم بولۇپ قالمىسىلا.
ئىگىزگىنە تاختا باشىغا ئىلىپ قويۇپ،
ئۇيدەككىنە ياتمىسىلا.
ئىگىز - ئىگىز ئۆيلىرىنى
پىشقىن[1] بىلەن ئاقلىسىلا،

---

[1] پىشقىن ــ ھاك.

كۆك ئۆچكىنى ئۆلتۈرۈپ،
چەۋرىسىنى ئوتقا قاقلىسىلا،
كۆكنى تۇتقان بىز ئىدۇق،
بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىسىلا.
دۇنيا ـ جاھاننىڭ كارىنى
يىراققىنا ئاپىرىپ تاشلىسىلا.
ئۆزلىرىدىن كەلمىدى
بىزلەرگە نەزەر.
ئۆزلىرىدىن كەلسىدى
بىزلەرگىمۇ نەزەر.
بازاردىكى دۇكاندىكى
شوشىڭدىكى تاتلىق ھەسەل.
شۇ كۆكۆللەر خۇشلۇقىدىن
كۆك ئويۇننى باشلىدۇق.
غازنى ئوتتۇز، قوينى توققۇز،
ھەممىنى تەك راسلىدۇق.
نەغمىچى لازىم دېسە،
ئۇچ جۇپ ھېپىزنى راسلىدۇق.
چالغىلى بەرباب، غېجەك،
قالۇن، ساتارنى راسلىدۇق.
ماڭدىدىكىلەر[1] تۆرىنى كۆزلەر،
تۆرىدىكىلەر چىنە ـ تەخسىنى كۆزلەر،
ھەر كىم سۆزلىسە مېنىڭچە سۆزلەر.
بۇ ئويۇنلارنىڭ ئىچىگە،

---

[1] ماڭدا ــ پەگاھ، تاپسا.

هاراق ـ شاراب، گازىر ـ مۆگە
يىغىش قىلسىلا ئۆزلەردە مىلڭ شىلڭ.
ئەل ـ خالايىق ئىچىدە
تۇگەپ قالدى مېنىلڭ ئىشىم.

(2)

گۈل زىمىستاندا ئۈنەر
سەبزى باھارنىلڭ ئەگىلى.
ياخشىلارنىلڭ مىلىسىدىن
سىچەك ئۈندى قىشلىقى.
قىشلىقى ئۈنگەن سىچەكنىلڭ
كۆكلىرى نازۈك تۇرۇر.
كۆتۇرسىلە، ئىللىقلىقىدىن
بويلىرى پۇراپ تۇرۇر.
بۇ سىچەكنىلڭ تەرىپىنى
مۇم بىلەن نامە ئەيلىدۇق.
بۇ سىچەكنى ھەممىلىرىگە
تۆھپە ئەيلىدۇق.
بۇ سىچەكنىلڭ سايىسىدە ئولتۇرسىلا
ھەردەم كۆڭۈللەر ئاچىلۇر.
بۇ سىچەكنى ئالغان كىشىنىلڭ
بېشىغا گۈللەر ساچىلۇر.
بۇ سىچەكنىلڭ سۇلىرى
شېشىدەدۇر، شوشىگىدىدۇر.
سۇغىرىپ گۈل ئاچقىلى،
ئالغان كىشى ئاشىق تۇرۇر.

بارچە گۈللەردىن ئىلگىرى
بۇ سىچەك كۆكلەپ تۇرۇر.
بۇ سىچەكنىڭ سايىسى
كۆڭۈللەرگە راھەت بېرۇر.
كۆڭۈللەرنىڭ خۇشلۇقىدىن
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
بارچە ئادەمنىڭ ئىچىدىن
ئۆزلىرىنى ئىلغىدۇق.
بۇ سىچەكنىڭ تەرىپى
خەقلەر ئارا مەشھۇر تۇرۇر.
بۇ سىچەكنى ئېلىشقا
قىز - يىگىتلەر ئاشىق تۇرۇر.
تام - تامدا سىچەك،
بۇندىن ئېگىز بارمۇ سىچەك؟
كۆرسىلە كۆكلۈك سىچەك،
كۆتۇرسىلە ئېغىر سىچەك.
چىنە - چاجۆشتە چاي راسلىدۇق،
داستىخاندا نان راسلىدۇق.
چالغىلى غېجەك - راۋاب،
قالۇن - ساتار راسلىدۇق.
غازنى توققۇز، قوينى ئوتتۇز،
ھەممىنى تەڭ راسلىدۇق.
نەغمىچى لازىم دېسە،
سەيدۇللا ئاخۇننى راسلىدۇق.
سېغىزغان ئالا ئىدى.
قۇيرۇقى يەردە ئىدى،

چاشقان چوماقچى ئىدى،
قۇيرۇقى دۇمباقچىدى.
ئۇل چاشقاننى قاراڭغۇدا
مۇشۇك تۇتۇپ يېمەكچىدى.
بېشىنى چاينىمىغان بولسا،
«ۋاييەي، جان» دېمەكچىدى،
ھە، خالايىق قىقاس!

(3)

ئۇل خۇدانىڭ قۇدرىتى بىرلەن
بىرلا ئۈندى شۇ كۆكۈم.
شادى رەڭلىك، غۇنچە مەڭلىك،
دەرمەھەل يەتتى كۆكۈم.

بويلىرى ئالتۇن كۆكۈمنىڭ،
سۈرىتى سۇلتاچە بار.
ئاي يۈزىگە نۇر يېغىپتۇ،
يېڭى ئۈزگەن گۈلچە بار.

گۈلنى ئۈزدۈم، كۆيقا سالدىم،
گۈللەر چاچتى خۇش پۇراق.
ئوڭ قولۇمغا ھاراق ئالدىم،
سول قولۇمغا شام چىراغ.

دەرد - پىراغنى تارتا - تارتا،
ھېچ ماجاللار قالمىدى.

بۇ كۆكنى ئۇندۇرگۇچە،
تەندە جانلار قالمىدى.

شام چىراغ ئۇچ كۈن كۆيەر،
ئۇچ كۈندىن ئۆتسە نە پىراق.
شام چىراغدا ئۆلگۇچە،
مەشرەپتە ئۆلسە ياخشىراق.

گۈل زىمىستاندا ئۈنەر
سەبزە باھارنىڭ ئەگىلى.
ياخشىلار دىلى ئىچىدىن
سەبزە ئۈندى قىشلىقى.

قىشلىقى ئۈنگەن سىچەكنىڭ
تەرىپى نازۇك تۇرۇر.
سۇغىرىپ گۈل ئاچقۇچى،
ئالغان كىشى ئاشىق تۇرۇر.

بۇ سىچەكنى ئۆزلىرىگە
تۆھپە ئەيلىدۇق، تۆھپە ئەيلىدۇق
شۇنچە خالايىق ئىچىدىن
ئۆزلىرىنى تاللىدۇق.

بۇ كۆڭلۇمنى مەن سىزگە
نامە ئەيلىدىم، نامە ئەيلىدىم.
بۇ كۆڭلۇمنى مەن سىزگە
تۆھپە ئەيلىدىم، تۆھپە ئەيلىدىم.

كۆكنى تۇتتۇم ئۆزلىرىگە،
چاققان كېلىپ خۇش ئالسىلا.
بۇ كۆكۈمنى ئېلىپ قويۇپ،
ئۇيدەككىنە ياتمىسىلا.

كۆك ئېلىپ بارغان كىشىنى
خۇش قىلىپ ياندۇرسىلا.
مېھمان قىلىپ، قوزا سويۇپ،
رازى قىلىپ ياندۇرسىلا.

كۆك ئېلىپ بارغان كىشى
يېنىپ كەلسۇن خەۋەر ئېلىپ.
كۆك ئېلىپ قالغان كىشى
جابدۇق قىلسۇن ئات چېپىپ.

ئۆيلىرىنى ئاقلىسىلا،
پىشقىن بىلەن قاشلىسىلا.
دۇنيا دېگەننىڭ كارىنى[1]
يىراق ئاپىرىپ تاشلىسىلا.

كۆك ئۆچكىنى ئۆلتۇرسىلە،
چەۋرىسىنى ئوتقا قاقلىسىلا.
كۆكنى تۇتقان بىز ئىدۇق،
بىزنى تاشلىۋەتمىسىلە.

---

① كار ـــ ئىش.

چىڭ ـ چىڭ سالامەت، بىر مۇھەممەت،
ھەركىم سۆزلىسە مىنىڭچە سۆزلەر.
ماڭىدىغانلار تۆرىنى كۆزلەر،
تۆردىكىلەر چىنە تەخسىنى كۆزلەر.

ھاي بەگلەر، ھاي ! ھاي بەگلەر،
مىسرا خېنىملار،
ئون يەتتە ياشلىق، ئون سەككىز ياشلىق
يىگىتنى كۆزلەر.

قاراڭغۇ باغ ئارىلاپ،
ئاخشام چىققان ئاينى كۆردۈم.
قىشلىقى چىل ـ زىمىستاندا،
قىزىلگۈلنى كۆردۈم.

بۇخارا ئارىلاپ
بىر نەرسە كۆردۈم.
كۆڭلۈمگە مۇناسىپ
ئۆزلىرىنى كۆردۈم.

كۈزگى بۇغداي مايسا بولدى،
ھال سوراپ كەلسەڭچۇ، يار.
جان چىقۇر ھالەتكە يەتتى،
ھال سوراپ كەلسەڭچۇ، يار.

شەنبىدە جابدۇق ئېتىپ،
دۈشەنبىدە كەلسەڭچۇ، يار.

ھەپتىگە ئۆلگۈرەلمىسەڭ،
بىر ئايدا بىر كەلسەڭچۇ، يار.

پاختىكىم، ھەي پاختىكىم،
يامانلىماڭ، پاختىكىم.
پاختەك جۈپتىن بولۇر،
ئاغزىغا قۇرت سالۇر.

كۆزگى بۇغداي مايسا بولدى،
شاخى قويدى ھەر تەرەپ.
دوستلۇق مېھرىمىز كۆچلۈك ئۈچۈن،
ئاشنا بولدۇق ئىككى تەرەپ.

مۇز ئۈستىدە ئۈندۈردىلە
مازۇ① بۇغداينى.
سۇغارغىلى ئەر بارمىكىن،
شۇ مازۇ بۇغداينى.

سۇغارغىلى ئەر بولسىكەن،
شۇ مازۇ بۇغداينى.
كېچە ـ كۈندۈز ياد قىلۇرمىز،
ئۈستۈن خۇدانى.

① مازۇ ـــ دانە (بۇغداي دانىسى).

# يوز ئاچقۇ بېيتى

*قىز تەرەپ:*

ئىچ ئۆرۈكنىڭ ئىچ مېغىزىنى
ئۈچ يىل ساقلىدۇق.
دوپپىمىزنىڭ چېچىكىنى
گۈل دەپ ساقلىدۇق.

ئەل - خالايىق تولا كەلدى،
ھېچ كىشىگە باقمىدۇق.
شۇنچە خەقلەر ئارىسىدىن
ئۆزلىرىگە ساقلىدۇق.

ئىشىك ئالدى باراڭلىق،
چۆمۈچ ساپتۇ چىرايلىق.
ھەممە خەقنىڭ ئارىسىدا
خېنىم بالام چىرايلىق.

*ئوغۇل تەرەپ:*

بىزمۇ ئوغۇل چوڭ قىلدۇق،
موللا ئالىم.

خېنىم بالام تولۇن ئايىم،
كېچە - كۈندۈز تىلىۋىدۇق،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

بازارلاردىن ئات ئالدۇق،
ساغرىسى ئالا.
يۇقىرى مەلىدىن قىز ئالدۇق،
ئالتۇندەك بالا.

بىرى لەڭخار، بىرى مىخار،
ماسلىشىپ قالار.
قاچورىنىڭ يېلىمىدەك
يېپىشىپ قالار.

تاغدىن چۈشتى تاغ ئېيىق،
سۇدىن چىقتى ئاي بېلىق.
نەدىن چىقتى بۇ لايىق،
بىر - بىرىگە خوپ لايىق،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

ئەتىگەن قوپار بولغاي،
تۈگۈلۈك ئاچار بولغاي،
توققۇز ئوغۇللۇق، بىر قىزلىق بولغاي.
قوتاندا قويلۇق بولغاي،
ئېغىلدا كالىلىق بولغاي.
ئۈچى ئۈزارغاي، تۆۋى يېيىلغاي،
قۇدۇقتا تاش چۈشكەندەك بولغاي.

قاچورا يېلىمىدەك يېپىشقاي،
خۇدايىم مۇبارەك قىلغاي.

ئاققىنا ياغلىق ئىچىدە
بىر تۇگۈن گۈل ساقلىدۇق.
گۈلنى ئېلىپ بېشىمىزغا
تاجى قىلىپ ساقلىدۇق.

ھەر تەرەپتىن تەمە تاپتى،
ھېچلا كىمگە باقمىدۇق.
قەدرىمىزنى بىلىدۇ دەپ،
ئۆزلىرىگە ساقلىدۇق.

ئىللىق كەشلەر ئارىسىدىن
ئىللىۋالغان بوغۇمنى[1].
تاللىق كەشلەر ئارىسىدىن
تاللىۋالغان بوغۇمنى.
ئاخشام چىققان ئايغا ئوخشاش،
ئاي مۇبارەك يۈزلىرى.
ئەتىسى چىققان كۈنگە ئوخشاش،
ئوتلۇق ـ ئوتلۇق كۆزلىرى.
مەككىنىڭ مېھرابىدەك
ئىككى قارا قاشلىرى،
كۆزىمىزگە كۆرۈنەر
ئوتلۇق ـ ئوتلۇق كۆزلىرى.

① بوغۇم ـــ قۇمۇلدا ئۆزىدىن كىچىكلەرنى بوغۇم دەپ ئاتايدۇ.

ئارىمىز شۇنچە يىراق،
ئېسەنمىكىن بويلىرى؟
ئۆي ئىچىدە خۇش پۇراق
خېنىم بوغۇمنىڭ خۇيلىرى.
بىر - بىرىدىن چىرايلىق
قىلىپ تۇرغان ئىشلىرى.
كۆزىمىزگە كۆرۈنەر
قاراموقتەك كۆزلىرى.
تولۇن ئايدەك پارقىرىغان
خېنىم بوغۇم ئەمەسمۇ.
چۆرىسىدە ئولتۇرغان
ھەمسالىرى ئەمەسمۇ.
مېھمانلارنى كۇتۈۋالغان
قۇدۇغۇيىمىز ئەمەسمۇ.
تۆپىسىدە تىك تۇرغان
قارىي ئاكىمىز ئەمەسمۇ.
تۇگۈن تۇگۈلگەندەككىنە،
تۇگۈلۈپ ئېچىلغاندەككىنە.
ئىككى ياخشى بىر بوپتۇ،
باغدا گۈل ئېچىلغاندەككىنە.
بۇ خېنىمنىڭ بەختىنى كۆرسىلە،
تىۋەڭلەردىكى رەختلەرنى كۆرسىلە.
بىيىت ئېيتىپ بېرەي دېسەم،
پۇت - قولۇمنىڭ تىترەپ
تۇرغىنىنى كۆرسىلە.

ئېگىز تاغقا تور سالدۇق،
لىچىن چۈشتى تورىمىزغا.
ئۆزۈن يىلدىن ساقلىشىدۇق،
ئەمدى چۈشتى قولىمىزغا.

لىچىن بىلەن تورغاينى
سېلىشالدۇق بېغىمىزغا.
سەبدە بىلەن جۇخارنى
قىسىشالدۇق قۇلىقىمىزغا.

بۇزۇرگادىن لىچىن ئالدۇق،
باغرى كۆككىنە.
بۇ دۇنيادا بارمىكىن،
خېنىم بالامدەككىنە.
بۇ دۇنيادا بولسىكەن
خېنىم بالامدەككىنە.
ئوڭ قولىمىزغا قوندۇرۇۋالساق،
قۇرغۇيدەككىنە.
قۇرغۇي بالىسى ئالىم،
لىچىن بالىسى زالىم.
نەچچە ۋاقتىن تىلەپ ئىدۇق،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

تال ئاراسىدىن تاللاپ ئالدۇق،
تالى چۆكەننى.
باغ ئاراسىدىن تاللاپ ئالدۇق،
سېرىق زەپەرنى.

سىرىق زەپەر بىر دانە گۈل،
ئۈچ كۈن ئاچىلۇر.
ئىككى بالام بىر بولغاندا
قات گۈل ئاچىلۇر.

كىچىككىنە باغچە ئىچىدە
يېڭى ئۈنگەن گۈل ئانار.
شۈغىنە قارىي بالامنىڭ
ھەر بويىدا گۈلى بار.

ئاغزىدا ئايەت ئوقۇيدۇ،
قوينىدا كىتابى بار.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
ئاي يۈزىدە نۇرى بار.

لېۋى دەرلەر، لېۋى دەرلەر،
لېۋىنى غۇنچىدىن دەرلەر،
چىشلىرىنى ئۈنچىدىن دەرلەر.
ئىشىكتىن تولغىنىپ كىرگەن،
شۈغىنە قارىي بالامنى،
يېڭى باغنىڭ گۈلى دەرلەر.
سىنچىگىتتىن، سىنچىگىرگە،
جاھاننىڭ روشىنى، دەرلەر.
شۈغىنە ئىككى بالامنى
بېھىشنىڭ گۈلى، دەرلەر.

ئېگىز ـ ئېگىز دەرەخلەر
ئېگىلچان بولسا.
قىزىل ـ يېشىل يوپۇرماقى
تۆكۈلچان بولسا.
بىر ياخشىغا بىر يامانىنى
بۇيرۇماس بولسا.
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا،
ئايرىلماس بولسا.
بالام قىلسىلا گۈلدەككىنە،
بوي قىرچىنتالدەككىنە.
كىشى كۆرسە ئايدەككىنە،
خىزمەت قىلۇر ئەردەككىنە.
ئۇلۇغ دەريا ئوتتۇرىسىدا،
ئالتۇن ئۇزەڭگە.
سەپەر بېرىپ، سەپەر كەلگەن
كۈمۈش ئۇزەڭگە.
قەغەز بىلەن قازان ئەتتىم،
سىياھ بىلەن سۆز.
ئالتۇن بىلەن ئۇزۈك ئەتتىم،
لەئەل بىلەن كۆز.
لەئەل بىلەن كۆز ئەڭگۈشلىرىدە
كاككۇكلار سايرايدۇ.
خېنىم بالام ئولتۇرادۇ
باغدىكى ھۇجرا ئىچىدە.
ئېگىز تاغدىن سۇ چۈشەدۇ،
تاشتىن تاشقا شارقىراپ.

خېنىم بالام ئولتۇرادۇ
تولۇن ئايدەك پارقىراپ.
تولۇن ئايغا تىل تەگمىسۇن،
پۈتۈدۈك تۇمار.
سۇدىن چىققان لەئەل تاشتەك
كۆزلىرى خۇمار.

تال ئۇچى تاللارغا يەتتى،
بەلگىسى چەندان يىراق.
مەيلىمىز خېنىم بالامغا چۇشتى،
نە قىلاي، ئۆيلەر يىراق.
يول يىراقى بولسا بولدى،
كۆڭۈل يىراقى بولمىدى.
ئىككى بالامنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ۋەدە يالغان بولمىدى.

سەبدە بىلەن جۇخارنى
بېھىشنىڭ گۈلى، دەيمىز.
مېھرىگۈل بالىمىزنى
ئۆيىمىزنىڭ گۈلى، دەيمىز.
لەڭخار ئۈنگەن كۆللەردە
مۇز توڭۇپتۇ ئەينەكتەك.
ئىككى بالام بىر بوپتۇ
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

سېرىق زەپەر ئاچىلىپتۇ
سەھەرنىڭ ۋاقتىدا.

قىزىلگۈللەر ئاچىلىپتۇ
باھارنىڭ ۋاقتىدا.
بىز ئىككىيلەن توي قىلدۇق،
خويمۇ ئوبدان ۋاقتىدا.
ئىككى بالام ئۆمرى ئۆتسۇن
ئالتۇن - كۈمۈش تەختىدە.

قاراڭغۇ باغ ئىچىدە ئاينى كۆردۇق،
زىمىستاندا ئېچىلغان گۈلنى كۆردۇق.
بۇخارا ئارىلاپ بىر نامىنى كۆردۇق،
كۆڭلىمىزگە خۇش مۇناسىپ،
خېنىم بالامنى كۆردۇق.

ئىشىك ئالدى شاھى باس،
چۆرىسىدە تالىلەر.
ئاي يۈزىگە نۇر چۈشۈپتۇ،
ياكى - ياكى خانىلەر.
قۇربان بولدى جانىلەر،
چىنىگە چاينى قۇيۇپ،
بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ئالدىلەر.

چىنىنىڭ رەڭگى سەدەپ،
ئۆزلىرىنىڭ رەڭگىلىرىگە ئوخشار.
ئىچىدىكى قىزىل چايلار،
چىش ئاغرىقى، كۆز باغى،
يۈرەك داغىغا ئوخشار،
سۆھبەت دىل قىلغانلىرى

دىل خەنجىرىگە ئوخشار،
ۋۇجۇدلىرى بارمۇ دەرلەر،
ۋۇجۇدلىرى بولسا نۇرغا ئوخشار.
تاۋارلار ئارىسىدا
ئەنلىك تاۋارىم.
قىزلار ئارىسىدا
مەلىكىۋا خانىم،
يىگىتلەر ئارىسىدا
شاھزادە جانىم،
خويمۇ چىرايلىق.
ئۆتتۈشكىلى نىيسىپ قىلۇر،
ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم.

ئالامەتلىك، سالامەتلىك،
باھار بوستانىمىز.
ئۆزلىرى كۆزىمىزنىڭ خۇشى،
كۆڭلىمىزنىڭ روشىنى.
خۇدايىمدىن تىلەپ تاپقان،
ئاي بالىمىز ئۆزلىرى.

بۇ مۇھەببەت زوقى بىزدىن كەتمىدى،
قول سۇنۇپ ئول بويلىرىغا يەتمىدى.
ناھا[1] يەتسە بويلىرىغا تاتلىقلىرى،
ھەرگىز تىلىمىزدىن كەتمىدى.

---

① ناھا ــــ ئەگەر، ناۋادا.

كېچە يېتىپ خىيال ئەيلەپ،
كۆزۈمىزگە ئۇيقۇ كەلمىدى.
يۇقىرىدىن چۇشۇپ كەلگەن
ئالا ئاتلىقىم.
ئۇستىگە مىنىپ كەلگەن
زىۋەر قاشلىقىم.
كالامۇللا ۋارىقىدەك
كۆزى قاتلىقىم.
پىشقان ئۇزۇم شەربىتىدەك
سۆزى تاتلىقىم.

قاپقارا ساينىڭ ئىچىدە
يۇپيۇمىلاق دۇگۇلدۇگۇچ.
ئاۋۋال ئاينىڭ بېشىدا
قۇدۇغۇي بىلەن تۇگكەن تۇگۇچ.
تىل بىلەن تۇگكەن تۇگۇچنى
قول بىلەن بولماس يېشىپ.
ئەپلىشىپ قالغان كۆڭۈلنى
ئالماس بىلەن بولماس كېسىپ.

تەقدىرگە پۈتۈلگەن مۇھەببەتنى
كىرپىك بىلەن ئايرىپ بولماس.
ئىككى بالامنىڭ مۇھەببىتىنى
ئالماس بىلەن كېسىپ بولماس.

قىز چوڭ قىلىپتىلا ئايدەككىنە،
بويى قىرچىنتالدەككىنە.

تىللىرى چوغدەككىنە،
بالام قىلسىلا خاندەككىنە.
مېھمان كېلىپتۇ ئۆيگە،
پىستان① سېلىڭ تۆرگە.
كۆڭلىڭىزدىكى بالىڭىز
ئەمدى كەپتۇ ئۆيگە،
خۇدايىم مۇبارەك قىلغاي.

سىرلىق ساندۇق چاپتۇردۇم،
مەخمەل بىلەن ياپتۇردۇم،
كىمخاب بىلەن ئاچتۇردۇم.
كىچىككىنە ئايلا بالامنى
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم،
قۇدامغا ھەم تاپشۇردۇم.

يۇقىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ
بىر تۇمار ئەڭلىك.
بۇ دۇنيادا بارمىكىن
خېنىم بالامدەك رەڭلىك.
ئاق ئالما ئەڭلىك
شاپتۇلا رەڭلىك.
بۇ تويلارنى قىلغۇالدۇق،
خويمۇ ئوبدان ئەپلىك.

① پىستان ــ مېھمان كۆرپىسى.

ئىلىدىن چىققان پىچاقنىڭ
چۆكىسى دانىمۇ دانە،
مېنىڭ بالامنىڭ ئېتى خانە،
مېنىڭ بالام ياخشى بالا،
قارا قاشقىنا مۇلايىم.
خەلق ئارىسىدا ئەتىۋارىم،
قىزلار ئارىسىدا ئەينىۋارىم.
مېنىڭ بالام ئىككاھقا كىردى،
مەلىكە ئىگارىم.
ئىسسىق ئامراق بولۇپ قالغىلى
نېسىپ قىلىڭ، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم.

چىنە تەخسىنى ئالدۇق،
ئالتۇن تىللانى سالدۇق.
چىرايلىققىنا قارچىغىنى
ئۆز ئىلكىمىزگە ئالدۇق.

يېڭى باغنىڭ ئالمىسى
گۈلسۈرۈختەك سانجىلۇر.
خېنىم بالام ئۆيگە كەلدى،
ئۆيدە گۈللەر ئاچىلۇر.

كۈندۈزلىرى كۈن تۇغۇر،
كېچىلىرى ئاي تۇغۇر.
شۇنداق ياخشى ئىككى گۆھەرنى
بۇندىن كېيىن كىم تۇغۇر؟ !

قىزىلگۈلنى تېرىپ قويدۇق،
قۇلاقلىرىغا قىسسىلا.
شۈغىنە خېنىم بالامنى
ئوبدان بالام قىلسىلا.

مەن بالامنى تۇغقاندا،
ئالتىنچى ئايدا روزا ئىدى.
مەرىكىسىنى قىلغاندا،
تاغدەك ئاتىسى بولسىدى.

ئايلا بالىمىز چوڭ بولدى،
بويىغا يەتتى.
ئەتىيازدا بولىدىغان توي،
كۈزگە يەتتى.
خۇدايىمدىن تىلەپ ـ تىلەپ،
مۇرادىغا يەتتى.

جۈپ ئېرىقتا سۇ ئاقتى،
بىرى سۈزۈك، بىرى لاي.
تەڭ خىل كۆرۈپ قۇدا بولساق،
ئۆزى تۇزۇك، سۆزى لاي.

تار ئېرىقنى ئاتلىدۇق،
كەڭ ئېرىقنى قاتلىدۇق.
شۇنچە قىزلار ئارىسىدىن
خېنىم بالامنى تاللىدۇق.

سېرىق زەپەر قات ئاچىلۇر،
دائىم ئاچىلۇر.
ئىككى بالا بىر بولغاندا
بەختى ئاچىلۇر.

سۇ چېچەكى، سۇ چېچەكى،
سۇنىڭ چېچەكى.
كېچىسى ئېچىلىپ، كۈندۈزى تۇزار،
ياڭاق چېچەكى.
خەقنىڭ باللىرى تولا ئىكەن،
ئانار چېچەكى.
بىزنىڭ باللىمىز بىردانىغىنە
يۈرەك چېچەكى.

قارلىق تاغدىن سۇلار چۈشتى
باغداش ئارىلاپ.
ئەمدىگىنە تويلار بولدى،
بوستان ئارىلاپ.
ئانچە تولا يىراق ئەمەس
بوستان ئاراسى.
مۇندىن كېيىن يېقىن ئۆتسۇن
ئىككى قۇدا بالاسى.

باغقا كىرىپ گۈلنى ئۈزدۈق
ئارىلاپ ـ ئارىلاپ.
ئىككى قۇدا توي قىلىشتىلا،
بىر ـ بىرلىرىنى خالاپ.

گۈلنىڭ ئېتى گۈل غۇنچە،
تۇگۇن بولۇپ ئېچىل غۇنچە.
ئىككى قۇدۇغۇي توي قىلىپتۇ
مۇرادىغا يەتكۈنچە.
گۈل تېرىدۇق كۆزدە،
ئېچىلدى كەچ كۈزدە.
ئىككى قۇدا توي قىپتۇ،
پەسلى ئەتىياز كۈندە.

كېلىنىمىز چېچەن بولسا،
سەھەردە تۇرسا.
ئوغلىمىز مەرد بولسا،
سۆزىدە تۇرسا.

سۇدەككىنە ئۆتۈپ كەتتى
بۇلۇت، ماھىم.
ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چىقىپ كەلدى،
تولۇن ئايىم.
بىر باغچىغا گۈل تېرىدۇق،
سېلىم پاھىم.
دۇئايىمىز ئىجابەت بوپتۇ،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.
ئاخۇن بالام موللايىم،
ئايلا بالام تىللايىم.
ئون بەش ياشتا قىز ئېلىپ،
كۆڭلىمىز تىندى خۇدايىم.

ئاسمان ئارىلاپ ئاق بۇلۇت كەلدى،
تاغلار ئارىلاپ يامغۇر سۈيى كەلدى.
باغلار ئارىلاپ بۇلبۇلۇم كەلدى.
ياز پەسلى بولدى ئاسان بولدى،
كۆز پەسلى بولدى چاققان بولدى.
بىر ياخشىغا بىر يامانىنى بۇيرۇماس بولدى،
ئىككى ياخشى بىر بولغاندا ئايرىلماس بولدى.

ئالا تونلۇق قۇشۇم كەلدى،
ئاسمان ئارىلاپ.
ئاناسى يوق ئىككى يېتىم
بىر - بىرىنى خالاپ.
ئايدەككىنە، كۈندەككىنە
نۇرنى چېچىشتى،
ئىككى كۆڭۈل بىرلا بولۇپ،
نىكاھ قۇرۇشتى.

نىكاھ غايىب ئەركىن بولۇر،
ئىختىيارى بىلەن.
ئىككى ئالەم نىكاھلىق بولدى،
ھالال جۈپتى بىلەن.
رازى رىقىپ نىكاھلىقنىڭ
ئۆمرى باشقا.
خالايىقمۇ سۆزگە كېلەر،
ئۇلارنى ماختاشقا.
مەجبۇرىيەت قىلىپ قويسا،
خار بولۇشۇر.

ئىككى قوْدا ئۆيلىرىدە
زار يىغلىشۇر.

ئىككى يېتىم نىكاھ قۇرۇپ،
مۇرادىغا يەتتى.
ئاتا ـ ئانىنىڭ يوقلۇقىمۇ
ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
قالدى بالاسى.
ئوۋاپ ـ جوۋاپ[1] ئادەم قىلدى،
بىچارە ئاچاسى.
ياخشى ئوبدان كۆرۈپ قويغاي،
قېيناناسى.
كۇزگى بۇغداي مايسا بولدى،
يازغى بۇغدايلار قېنى؟
ئوۋاپ ـ جوۋاپ چوڭ قىلغان
بوۋاي، مومايلار قېنى؟

ئىشىك ئالدى بىر توپ چىنار،
شاخلىرى ئانار.
باغقا كەلگەن بۇلبۇللار
شاخىغا قونار.

باغقا كەلگەن بۇلبۇللار
سايراپ تۇرادۇ.

---

① ئوۋاپ ـ جوۋاپ ـــ كۆك جاپاسىنى تارتىش.

ئوغلىڭىز ئىندەك ئېلىپ،
قولغا ئالادۇ.

باغ باغقا ئۇلاشسا،
ئالمىلار خوپ كۆرۈنەر.
يەرگە چۈشكەن سايىسىدىن
ئارىلاپ كۈن كۆرۈنەر.

شەرتى توشقاندا نىكاھ خېتى
بېرىلىپ بولدى.
ئوغلىڭىز ياللاڭ ئىدى،
ئەمدى شۈكۈر، جۈپ بولدى.
ھەممە تاغلاردىن يىغىلىپ
مەرىكىمىز پۈتۈن بولدى.
رەھمەت ئېيتاي، تۇغقانلىرىم،
ئىشق تىلىمدا ياڭرىتىپ.
تۈمەن مىڭلار سالام، ئېيتاي،
قىزىل تىلىمدا سايرىتىپ.

نۇرۇپ بولدى نۇرۇپخار،
گۈللەر ئېچىلدى لالىزار.
شاخ ـ شاخىدا بۇلبۇللار
سايرىشادۇر زارى ـ زار.

ئاسماندىكى ئاي باتۇر،
مىرزان گۈلۈم تاڭ ئاتۇر.

شۈغۈن كۈندە ئايلا بالام
خالايىق ئىچىدە تۇرادۇر.

باغداش غولى ئىچىدە
تۇرلۇك گۈللەر بار ئىكەن.
شۈغىنە گۈللەر ئىچىدە،
ئايلا بالامدەك يوق ئىكەن.

ئايلا بالامنى ئۆزلىرىگە بەردۇق،
چىنار قىلىپ ساقلىسىلا.
ئەمگەك قىلىپ ياغ چاپىناپ،
ئەركىن خۇشال ئوينىسىلا.

ئويناپ ـ ئويناپ گۈل بولغاي،
ئەقىل ـ ھوشى سۇ بولغاي.
قاراڭغۇ تۈندە چىققان
تولۇن ئايدەك نۇر بولغاي.

ھەربىرلىرىگە مۈك بولغاي،
ئەتىگەن قوپار بولغاي.
تۇڭلۇك ئاچار بولغاي،
توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغاي.

ئاسماندا يۇلتۇز تولا،
ئاي چولپانغا ئوخشامدۇ؟
ھەممە ئادەمدە قىز تولا،
بىر ـ بىرىگە ئوخشامدۇ؟!

ئېيتسام مەن سىزگە،
ھالىم شۇدۇر.
يېمىكىمىز دەرد بولدى،
ئىچمىكىمىز غەم بولدى.
شۇ بالامنى ئۆيىمىزگە
ئېلىپ كىرگۈچە،
ھەممىمىزگە دەرد بولدى.

زىلچا سالدۇق تۆرىگە،
مېھمان كەلدى ئۆيگە.
كۆڭلىمىزدىكى ئايلا بالام
ئەمدى كەلدى ئۆيگە.

ئاخۇن بالام مۇلايىم،
ئايلا بالام تىللايىم.
تىلىكىمىز ئەجابەت بولدى،
ئەمدى بەردى خۇدايىم.

تاغدىن چۈشتى تاغ بېلىق،
سۇدا ئوينار سۇ بېلىق.
نەدىن چىقتى بۇ لايىق،
ھەيران قالسۇن خالايىق.

ئاتنى مىندىم قامچىلىق،
تاگار ئالدىم چامچىلىق،
لايىقلىرىدا بىيىنت ئېيتالمىدىم،
مەندىن ئۆتكەن كەمچىلىك.

گۈلشەن ئاگىرىدە
تويلەر قازاندى.
تۇردى ئاخۇن ئاكا
چاك ـ چاكلار ئىچىدىن
چىللاپ ئويناتتى.

قۇدۇغۇي ئاكا،
شۇ ئاكامنىڭ شەھرىدە
تۇرلۇك گۈللەر بار ئىكەن.
گۈلمۇ گۈللەر ئىچىدە
ئايلا بالامدەك يوق ئىكەن.

ئايلا بالامنى ئۆزلىرىگە بەردۇق،
چىنار قىلىپ ساقلىسىلا.
هالال ئىشلەپ ياغ چايناپ،
ئەركىن، خۇشال ئويناشسىلا.

ئاشنى يايدۇق تاختىدا،
يىپ ئىگىردۇق پاختىدا.
خويمۇ كاتتا توي بولدى
دوست ـ دۇشمەننىڭ ئالدىدا.

ئۇرۇمچىنىڭ كوچىسى،
ھەر تەرەپتە غۇنچىسى.
ئۆيگە كەلگەن ئايخېنىم
قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسى.

زىلچا سالدۇق تۆرىگە،
مېھمان كەلدى ئۆيگە.
كۆڭۈلدىكى ئايخېنىم
ئوخشايدۇ قىزىل گۈلگە.

ئالتىنچى ئايدا روزا ئىدى،
ئەجەبمۇ كاتتا توي بولدى.
مېھرىبان ئاتا - ئانىمىز
بۈگۈنكى تويدا بولسا ئىدى.

پىياز بىلەن گۆشنى قىيما ئەتتىم،
خويمۇ ياراشتى.
ئېيتقان بېيىتىم قاملاشمىسىمۇ،
خالايىقلار ئاغزىمغا قاراشتى.

ئۈزۈن ئارغامچىلارنى
كېسىپ - كېسىپ كالتارتتۇق.
بېيىت ئېيتالىغان خەقلەرنى
بېيىت ئېيتىپ يالتايتتۇق.

بىغىمىزدا شاپتۇلا،
يۈرەكلەردە دەرد تولا.
ئېيتىپ بولغان بېيىتلەرنى
تەكرار ئېيتساق سەت بولا.

مەنمۇ بېيىت بىلىمەن،
ئەسلىي هايا قىلىمەن.

سىنىڭ ئېيتقان بېيتىڭنى
ئۆتۈككە پاشنا قىلىمەن.

ئاچىمىغان قاپاق،
چاقمىغان ياڭاق.
ئايلا بالام ئۆيگە كەلدى،
تولۇن ئايدەك ئاپئاق.
ئەتىگەن قوپار بولغاي،
تۆگىلۈك ئاچار بولغاي.
توققۇز ئوغۇل، بىر قىزلىق بولغاي،
بەلچە ئىلىقلىق بولغاي.
قوتاندا قويلۇق بولغاي،
چىلىلىدا كالىلىق بولغاي.
كۆل ئالسا كۈمۈش بولغاي،
ئوت ئالسا ئالتۇن بولغاي.
ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك
روشەن بولغاي.
ئالدىدىن ئاي چىققاي،
كەينىدىن كۈن چىققاي.
ئۈچى ئۈزارغاي،
تۆۋى يېيىلغاي،
قۇدۇقتا تاش سالغاندەك بولغاي،
قارىغاي يېلىمىدەك يېپىشقاق بولغاي.
مېھىر ـ مۇھەببىتى دەريادەك ئاققاي،
رىزقىسىنى كەڭ قىلغاي.
بەخت ـ دۆلىتى چوڭ بولغاي،
خۇدايىم مۇبارەك قىلغاي.

# پوتا بېيىتلىرى

پوتا بېيىتلىرى ئېيتىشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىلىكى كۈچلۈك، ئۆزگىچە مەشرەپ قائىدىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ناھايىتى قەدىمىيلىككە ئىگە.

قۇمۇل خەلقىنىڭ مەشرەپ قائىدىلىرى مۇكەممەل، رەسمىيەتلىرى قاتتىق بولۇپ، خەلق ئىچىدە بىردەك ئومۇملاشقان، بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە پوتا ئويۇنى ئۆزگىچە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ، قۇمۇل مەشرەپلىرىدە ئالدى بىلەن يېنىك مۇڭلۇق مۇقام ناخشىلىرى ئورۇندىلىدۇ. ئاندىن سورۇن كەيپىياتىغا ماسلاشقان ھالدا ناخشا ـ مۇزىكىلارنىڭ رىتىمى تېزلىشىپ، يېنىك ئوينىلىدىغان سەنەم كۈيلىرى باشلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا شوخ، قىزغىن كەيپىياتقا تولغان مەشرەپ ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ. ئادەتتە مۇقام تۈگەش بىلەنلا مەشرەپ ئەھلىدىن بىر ياكى بىرقانچە كىشى (مەيداننىڭ كەڭ ـ تارلىقىغا قاراپ) ئورنىدىن تۇرۇپ، چاچما گۈللۈك قولياغلىقتىن ئۆرۈگەن كىچىك پوتىنى ئەكىلىپ، ئۆزلىرى خالىغان كىشىنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ. قولىغا پوتا ئېلىپ ئالدىدا مەيدانغا چۈشكەن كىشىدىن كېيىن ھېچقانداق كىشىنىڭ ئۆز مەيلىچە مەيدانغا چۈشۈۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ ۋە ئۇ بەك ئەيىب ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن پوتىغا تارتقۇچى بىلەن پوتىغا

تەكلىپ قىلىنغۇچى بىر ـ بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل قارىشىپ بېيىت ئېيتىشىدۇ. بېيىتنى ئاۋۋال پوتىغا تارتقۇچى باشلايدۇ، پوتىغا تەكلىپ قىلىنغۇچى جاۋابەن بېيىت ئېيتىدۇ (مۇ-شۇنداق چاغدا قىز ـ يىگىتلەر بېيىت ئارقىلىق بىر ـ بىر-رىگە دوستلۇق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىدۇ). بېيىت ئا-خىرلاشقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئوڭ قول تەرىپىنى بىر-سىپ قارشىسىغا ئۆتۈشۈپ، يەنە ئايلىنىپ بىر ـ بىرىگە قا-رىشىدۇ ۋە ئەدەپ بىلەن بىر قېتىم تەزىم قىلىشىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت ئۇدا ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن پوتىغا تەك-لىپ قىلىنغۇچى ئەر ياكى ئايال ئالدى بىلەن ئۇسسۇل باشلايدۇ. ئۇسسۇلچىلار نەغمىنىڭ رىتىمىغا ماسلاشقان ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ.

كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن،
كۈندە ـ كۈندە كەلگىلى.
ئايدا، يىلدا بىر كېلۈرمەن
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.
ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى
چۈشتى چىنە ـ پىيالىگە.
رەھىمسى كەلمەمدىكىن،
بىز غېرىب ـ بىچارىگە.
بىزدەك غېرىب ـ بىچارىلەر
تامدىن قارالاپ يۈرگۈدەك.
بەندىلىككە چارە يوق،
بىر كۈندە مىڭ سارغايغۇدەك.

گۈل تۈۋىدە ئولتۇرسام،
سارغايغىنىمنى كىم بىلۈر.
قول سېلىپ چىقسام ئىشىككە،
مېھرىبان يارىم كېلۈر.

مېھرىبانمۇ ئۆزلىرى،
خويمۇ كاتتا سۆزلىرى.
بىر قوۋۇز لەۋزى بىلەن،
كۆڭلۈمنى ئالغان ئۆزلىرى.

ئۆزلىرىگە ئوخشمايدۇ،
جىمى ئالەم قىزلىرى.
ئايمىدۇ، ئاپتاپمىدۇ،
ئاق قەغەزدەك يۈزلىرى.

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم،
ئاق قەغەزدەك ئاقىرىپ.
ئارقىدىن قاراپلا قالدىم،
زەپىراندەك سارغىيىپ.

زەپىران سۇدا بولۇر،
سۇدىن تولا لايدا بولۇر.
ھەر كىشىنىڭ يارى بولسا،
كۆزى يوللاردا بولۇر.

بىر كىتاب، ئىككى كىتاب،
يار قوينىدا ئالتۇن كىتاب.

بۇ دۇنيادا بىر بارمىكىن،
مېنىڭ يارىمدەك ئاپتاپ.

ئاپتاپ ئولتۇرادۇ
ئاي بىلەن نەپ تالىشىپ.
بىز يېتىم ئاۋارە بولدۇق،
بىۋاپانى ئەگىشىپ.

بىۋاپانى ئەگىشىپ
ھېچ ماجاللار قالمىدى.
رو چىۋىندەك سارغىيىپ،
ئۇچقۇنچە ھاللار قالمىدى.

رو چىۋىن بولسا كىشى،
قانات يېيىپ ئۇچسا كىشى.
دۇنيانى مىڭ چۆرگىلەپ،
تەڭ خىلىنى تاپسا كىشى.

كۆزۈمنىڭ يېشىنى
ئېلىپ چىقاي ھاۋاغا.
سەندەك بىۋاپاغا يىغلىغۇچە،
يىغلاي خۇداغا.

كۆككىنە كەپتەر بولۇپ
قونسام بېھىشنىڭ تالىغا.
ھېچلا كىم قىلماس ئىزانى
يېڭى تۇتقان يارىغا.

كىمكى قىلسا شۇ ئىزانى
يېڭى تۇتقان يارىغا،
كىرپىكىم ئوقتەك بېرىپ،
مىختەك قادالسۇن باغرىغا.

ئاختارمىدا ئات يۈگۈرتتىم،
ئېڭىشتىم تۇزگە.
تاڭ ئالدىدا خەت ئەۋەتتىم،
مەشۇقۇم، سىزگە.

گاھى كۈلۈپ، گاھى يىغلاپ،
كۆيەرمەن سىزگە.
شۇ ئوتلاردا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

ئۇۋالىمنى بىلىپ تۇرۇپ،
قىينىماڭ مېنى.
ئاللا ـ ئىگەم نېسىپ قىلسا،
ئالۇرمەن سىزنى.

ئۇلۇغ دەريا ئوتتۇرىسىدا
ئالتۇن ئۈزەڭگەم.
سەپەر بېرىپ، يېنىپ كەلگەن،
كۈمۈش ئۈزەڭگەم.

ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك ئەتتىم،
مۆھۈر بىلەن كۆز.

چىن كۆڭلۈمنى سىزگە بەردىم،
خالايىققا سۆز.

كۆك كەپتەرلەر ئۇلتۇرادۇ
ئاق جوجەمنىڭ باشىدا.
بىزنىڭ يارلار ئولتۇرادۇ
ئېگىز تاغنىڭ باشىدا.

ئېگىز تاغنىڭ بېشىدىن
سىيرىلدىم تۈزگە.
قىزىلگۈل قىپچىسىدەك
ئېگىلدىم سىزگە.

قىزىلگۈلنىڭ قىپچىسى
باغدا ئەۋرىشىم.
مەن سىزگە نېمە قىلدىم،
جانىم ئادىشىم؟

تاختىدا تۇرغان كىتابنى
توغ بېسىپتۇ، دېدىلەر.
ئوردىدىن چۈشكەن خېنىمنى
هارمىغايلا، دېدىلەر.

مەن يارىمغا تون كېسەرمەن،
تاختا ـ تاختا گۈل بېسىپ.
ئالدىغا بوغۇچ تۈگەرمەن،
قارا زۇلپاردىن كېسىپ.

قارا زۇلپار ئېيتىدۇ:
يارىڭىز قانداق كىشى؟
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
ئاپئاق قىنا ئايدەك كىشى.

كىچىككىنە باغچە ئىچىدە
تال چىۋىق ئىلۋىدىرەك.
بۇ سېنىڭ ئىلۋالىقىڭغا
گۈل نارىنجى كېرەك.

گۈل نارىنجى كىيىپسەن،
ئىچىڭدە ئوت بولسا كېرەك.
ئوت بولغاچقا سېنىڭ مېھرىڭ،
كۆيدۈردى يۈرەكنى شېشىدەك.

شېشىدىن شەربەتنى ئالدىم،
ئوتنى ئۆچكەيمۇ دەپ.
بۇ بېيتنى سىزگە ئېيتتىم،
ئاشىقىدىن كەچكەيمۇ دەپ.

ئاپئاق قىنا چىشلىرى
ئۈنچە بىلەن مارجاندۇر.
ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەنلىرى
خويما كاتتا سۇلتاندۇر.

ئالتۇنمىكىن بويلىرى،
كۈمۈشمىكىن بويلىرى؟

بىر قوۋۇز لەۋزى بىلەن
كۆڭلۈمنى ئالغان ئۆزلىرى.

ئۇشىشاق ـ ئۇشىشاق ئېدىرغاندا
ئولتۇرۇپسىز، يارىم.
قاتتىق ـ قاتتىق ئاھ ئۇرغۇڭىز
كېلىدۇ دائىم.

باراي دېسەم، خۇدادىن
قورقىدۇ جانىم.
بارماي دېسەم، كۆيۈپ كەتتى
بۇ يۈرەك ـ باغرىم.

گۈل تېرىدىم، كۆرسىلە،
ئوسما تېرىدىم، كۆرسىلە.
بىر قويۇم ئوسما بېرەي،
بوينۇمنى قايرىپ سۆيسىلە.

تام بېشىدا ئولتۇرادۇ
بويىنى ئالا بوز لاچىن.
مەلىڭىزگە كېپقالدۇق،
ھەر تەرەپكە يول ئاچىڭ.

مەلىڭىزنى سۇ بېسىپتۇ،
ئۆتكۈدەك يول بارمىكىن.
بىز پەقىرنىڭ مەيلى چۈشتى،
سۆيگۈدەك يار بارمىكىن.

يولدا ياتقان چار يىلانغا
مەن نېچۈك زەنجىر سالاي.
مېنى كۈيدۈرگەن جۇگانىنىڭ
كۆڭلىنى قانداق ئالاي؟!

يولدا ياتقان ئەسكى تېرىمەن،
مىڭنى كۆرۈپ بىر سۆيىمەن.
مەن شۇنداق يۈرگەن بىلەن،
ئايلا جۇگانىنىڭ ئېرىمەن.

بىزنىڭ يارلار شۆگىلىك،
كېتىپ بارىدۇ تۆگىلىك.
بولسا ئويناپ يۈرگۈلۈك،
بولمىسا شۇنداق يۈرگۈلۈك.

كىچىككىنە بالىمەن،
كىرپىكىڭىزنىڭ تالىمەن.
سىز مېنى كىچىك كۆرمەڭ،
تاقلاپ تۇرۇپ سۆيىمەن.

قوۋغىڭىزنىڭ قاتتىقلىقى تۆمۈردىن،
كۆڭلىڭىزنىڭ قارالىقى كۆمۈردىن.
بىز ئىككىيلەن نېمىلەرنى دېيىشكەن،
سېرىق قۇشقاچ بالىسىدەك يەم بېرىشكەن.
تۇغۇلۇپ تۆرىلىپ بىلىشمىگەندەك،
بىر - بىرىمىزگە دانلار بېرىشكەن.

داستىرىڭنىڭ قاتى ـ قاتى گۈل، يىگىت،
سەن مېنىڭ مۇھەببىتىمنى بىل، يىگىت.
سەن مېنىڭ مۇھەببىتىمنى بىلمىسەڭ،
ئاخىرى دوزاخ ئوتىدا كۆي، يىگىت.

كۆيە ـ كۆيە كۈل بولۇرمەن،
ياغلىقىڭغا تۈگ مېنى.
ھەر زامان يادىڭغا يەتسەم،
ئاچىپ ـ ئاچىپ كۆر مېنى.

ئىچىلۇر بېھىش ماڭا،
يېپىلۇر دوزاخ ماڭا.
يەتتە دوزاخ ئوتىدەك
كۆيگەنچە كۆيدۈم ساڭا.

ئۆي يىراقى بولسا بولغاي،
كۆڭۈل يىراقى بولمىغاي.
ۋەدىسىدە تۇرمىغانلار
ھەرگىز مۇسۇلمان بولمىغاي.

كۆك كىگىزنى ئۆيگە سالدىم،
جەنتاققا[1] سالسۇن جايناماز.
شۇ خېنىمنىڭ ئەقلى بولسا،
بىزنى ئۇنچە قىينىماس.

---

① جەنتاق ــ يانتاق.

قەلەم قىيدىم قاشىمنى،
سىياھ ئەزدىم بۇ ياشىمنى.
يەنە كۆرسەم جامالىڭنى،
پىدا ئەيلەي بۇ جانىمنى.

ھۆل بولسام ئېقىپ كەتسەم،
قۇرۇق بولسام قۇرۇپ كەتسەم.
بىۋاپا يار دەردىگە،
قۇرغۇي بولۇپ ئۇچۇپ كەتسەم.

قۇرغۇيغىنام ئۇچتى دەپ،
مەن يۈرەرمەن باغمۇباغ.
ھەر زامان يادىمغا يەتسەڭ،
ئات چاپۇرمەن تاغمۇتاغ.

قەندى پىياز قاسرىقىدەك
كۆزى قاتلىقىم.
پىشقان ئۆزۈم شەربىتىدەك
سۆزى تاتلىقىم.

باغدا پىشقان مەي ئۆزۈمنىڭ
رەڭگى تۈرلۈك، سۈيى بار.
بىز پېقىر بىچارىنىڭ
سىزدىن بۆلەك كىمى بار؟!

بېغىردىقىم بېغىرداق
بېغىرلاپ ئۇچتى.

ئۈستىدىكى تاسمىلىرى
تارتىلىپ ئۈچتى.

سىزنىڭ يارىڭىز يېقىن ئۈچۈن،
كۈندە كۆرۈشتى.
بىزنىڭ يارلار يىراق ئۈچۈن،
كۆزلەردىن ئۈچتى.

ئەۋۋەلى يىراق،
ۋە هازىر ئىشتىياق.
كۆڭلىمىز يېقىن،
ئارىمىز يىراق.

يول يىراقى بولسا بولغاي،
كۆڭۈل يىراقى بولمىغاي.
شۇل قىلغان سەپىرىڭىزدىن
ئول خۇدايىم ساقلىغاي.

كەتتىلە تاشلاپ مېنى،
بەجىن دېگەن يۇرتقا قاراپ.
كۆرۈشۈپ ئالاي دېسەم،
جابدۇق قىلىپلا ئالدىراپ.

ئاخىر بىر كۈن كۆرۈشمەككە
قىلغاي خۇدا بىزنى نېسىپ.
پىراقلىرىدا كۆيگۈچە،
مەنمۇ ياناي ئۆپكەم بېسىپ.

گۈللا بولسا گۈل ئەمەس،
گۈللەرنىڭ رەڭگى بۆلەك.
يارلا بولسا يار ئەمەس،
يارلارنىڭ خۇيى بۆلەك.

گۈللا بولسا گۈل بولامدۇ،
قاتى - قاتى بولمىسا.
يارلا بولسا يار بولامدۇ،
ئېتىقادى بولمىسا.

گۈلمىدۇ ئاچىلغىلى،
بەرگىمىدۇ قايرىلغىلى.
ئاشىقى قېشىدا تۇرۇپ،
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغىلى.

گۈلمۇ خوپ، گۈللەرمۇ خوپ،
ئېچىلدۇرۇپ قىسقانمۇ خوپ.
چوڭ بولۇپ دەرد تارتقۇچە،
چېچەك چىقىپ ئۆلگەنمۇ خوپ.

باغقا كىرمەڭ، كىشى بار،
گۈلنى ئۈزمەڭ، ئىشى بار.
ئارىمىزدا گەپ تولا،
بىرلا دۈشمەن كىشى بار.

باغدا بىر گۈل بار ئىدى،
شاخىدا بۇلبۇل سايرىدى.

يۈرىكى بىر دوستلارنى
دۈشمەن نېچۈك ئايرىدى؟

گۈل بېرىپ گۈل ئالدىم،
گۈلنى بېرىپ گۈل ئالدىم.
قاتى بار گۈلنى بېرىپ،
يالاڭ گۈلنى مەن ئالدىم.

ئاتلىرىڭ ئاراسىدا
مېنىڭكىدەك ئېتىڭ بارمۇ؟
ئەجەب تولا قارايسەن،
ئېيتقۇدەك گېپىڭ بارمۇ؟

ئالما گۈلى گۈل بولامدۇ،
باشقا ساچسا بىر قۇچاق.
خەقنىڭ يارى يار بولامدۇ،
ئۆلگۈچە جانغا پىچاق.

مەن ئولتۇرۇپ سانۇرمەن
كىرپىكىڭنىڭ تالىنى.
ھېچ كىشىگە سالمىسۇن
ئاشىق كىشىنىڭ ھالىنى.

بارغۇچە چاققانلا باردىم،
يولنى بىلمەي تاش بىلەن.
يانغۇچە يارىدار كېيىكتەك،
ئىككى كۆزۈم ياش بىلەن.

قارا قۇشنى قۇش دېمەڭلەر،
قارا قۇش ئالۋانچىدۇر.
يېڭى يارنى يار دېمەڭلەر،
يېڭى يار يالغانچىدۇر.

قايسى دۇشمەننىڭ سۆزىنى
كۆڭۈللىرىگە ئالدىلا.
بىر يولىغا سەۋر قىلماي،
كۆزلىرىدىن سالدىلا.

باغدا بىر گۈل بار ئىكەن،
ئالتۇن باھالىق گۈل ئىكەن.
تۇگمىسى ئاچىلمىغان،
غوجامغا لايىق گۈل ئىكەن.

دۇتتىرىم تىرىڭ - تىرىڭ،
ئىچىدە ماش بارمىكىن؟
بىزنى كۆيدۇرگەن خېنىمنىڭ
باغرىدا تاش بارمىكىن؟

كۆردۇڭمۇ قەلەم قاشنى،
چايناپ بېرىدۇ ماشنى.
ئۆلتۇرسەڭمۇ ئىچمەسمەن
يارىم ئەتمىگەن ئاشنى.

كۆردۇڭمۇ قارا قاشنى،
چايناپ بېرىدۇ ماشنى.

ئۆلتۇرسەڭمۇ يانماسمەن،
ئەمدى كۆرگىن ئويناشنى.

زۇتنە[1] بۆكىنىڭ گۇلى
زەرگە باسقان گۇلچە بار.
ياخشىنىڭ قىلغان خۇيى،
ئۇندىگەن قۇرغۇيچە بار.

ئۇندىسەڭ ئۇندە مېنى،
ئۇندىمىسەڭ چۇشتۇم يىراققا.
بىر ياقامنى غەمگە سالدىم،
بىر ياقامنى ئىشتىياققا.

ئىشتىياقىڭدا يۇرۇپ،
ماڭغۇچە ماللار قالمىدى.
رو چىۋىندەك سارغىيىپ،
ئۇچارغا ماللار قالمىدى.

سەن يارىم يامانلىما،
ياخشى – يامانىنى كىم بىلۇر.
ئىككى ياخشى بىر بولۇپ،
چۆلنى تېرىسا گۇل بولۇر.

سۇبھى سادىق بىلەن
كەلدىم يارىم قېشىغا.

---

① زۇتنە — زەيتۇنە.

تالڭ سەھەردە قوپسام،
قوينۇم تولۇپتۇ يېشىغا.

ئاتنى چاپسالڭ يولدا چاپ،
قورقما ئۇنىڭ توغىدىن.
كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما،
يېنىڭدا يارنىڭ يوقىدىن.

هاي ـ هاي ئاتىم يامان بولدى
ئويناپ قۇل بىلەن.
يۇسام ـ يۇسام ئېرىمەيدۇ
قىزىل گۇل بىلەن.

قىزىل ـ يېشىل مارجان كۆردۇم
بىلەكىڭىزدە.
بېلىق بولۇپ سويلاۋالاي
يۈرەكىڭىزدە.

ئۇيان ئۆتۈپ، بۇيان ئۆتۈپ
ئالاي كۆڭلۈڭنى.
قارچىغىنىڭ بالىسىدەك
ئېگەي بوينۇڭنى.

قۇرغۇي بولۇپ ئەگىيمەن
بېغىڭدا ـ تېرەكىڭدە.
بېلىق بولۇپ ئوينايمەن،
مەيدەڭدە ـ يۈرەكىڭدە.

كەچمىگەن دەريانى كەچتىم،
ئۆلمىدىم سۇدا ئېقىپ.
بولمىغان يارىم بىلەن،
بېشىمنى تاشلارغا چېقىپ.

سۇدا سۇخسۇر بولغۇچە،
كۆلدە ئۆردەك بولسىچۇ.
چاشما تونۇلۇك بولغۇچە،
كۆڭلۈڭدە يارىڭ بولسىچۇ.

ئاتمىش ياشقا كىرگەندە،
قېرى بولۇر، ياش بولماس.
مەيدىسىنىڭ قۇۋۋىتى يوق،
مانتا، پولۇ ئاش بولماس.

تاغدىن چۈشتۇق تويۇڭغا،
ھەيران قالدۇق خۇيۇڭغا.
ئاتا ـ ئانام خۇش مازۇز
قىرچىنتالدەك بويۇڭغا.

تەشنالاپ جەننەتكە كىردىم،
تاپمىدىم سۇ سايىدا.
سۇ ئەگەر جەننەتتە بولسا،
تەشناغا نە پايدا؟

تاغدىن چۈشكەن لاي سۇنى
سۇزۇپ ئىچكەن ئەر بارمۇ؟

خىلسىز كىيگەن ئۆتۈكنى،
خىللاپ كىيگەن ئەر بارمۇ؟

چىشلىرىنىڭ ئاقلىقى
دىلنى يارادۇ.
ئەرنىلىرىنىڭ[1] تاتلىقلىقى
تىلنى يارادۇ.

قاشلىرى قازى بولۇپ
ئەلنى سورايدۇ.
كىرپىكلىرى جۇدا قىلىپ
جاننى ئالادۇ.

جان ـ جانغا جودا،
جاننى ئالادۇ.
ئاشىق ئوتى پەرۋانىدەك،
ئوتتىن يانامدۇ؟

ئارا ئۇزۇن بولمىسا،
كۆرۈپ تۇراردىم پات ـ پات.
ئارزۇلاپ تۇتقان يارىم
لەيلىگۇلدەك قات ـ قات.

لەيلىگۇل غۇنچىسىغا
ئۆگىنىپتۇ تۇمۇچۇق.

① ئەرنى ــ لەۋ، كالپۇك.

بۇ دۇنيادا بارمىكىن،
ئۆزلىرىدەك زېھنى ئوچۇق.

بىز باغداشتا يۇرگەندە،
قانماي - قانماي قاراشتۇق.
توي - تۆكۈن، مەشرەپلەردە
بىر - بىرىمىزنى ماراشتۇق.

بىر نەزمە ئېلىپ كەلدۇق،
ئۆزلىرىگە تۇتايلى دەپ.
مەھەللىلىرىگە بىز كەلدۇق،
جور بولۇپ ئوينايلى دەپ.

ئۆي ئىچىدە ئولتۇرۇپ
تۇتۇلۇپ كەتتى كۆڭۈل.
كۆڭلىمىزنى ئوينىتىپ
ئېچىلدۇرايلى مودەنگۈل.

باغلىرىغا كىرىپ باقسام،
بىر تۇگۇن گۇللەپ كېتەر.
بىزنى لايىق كۆرمىسىلە،
يۇرەك - بېغىرغا ئوت كېتەر.

ئۆزلىرىگە قارىسام،
قىرچىنتالدەك بويلىرى.
تولۇن ئايدەك يۇزلىرى،
ئويناپ تۇرار كۆزلىرى.

تال چىۋىقتەك بويلىرى،
شېكەر ـ ناۋات سۆزلىرى،
بىر بېقىپ، ئىككى بېقىپ،
جاننى ئالغان ئۆزلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشىماس
جۇملە ئالەم① قىزلىرى.

پەرىلەرگە بۇ شەھەر لايىق بولامدۇ،
ئۇچار قۇشقا كىشى ئاشىق بولامدۇ؟
ئۇچار قۇشقا كىشى ئاشىق بولسا،
كىشى بۇ دەردلەرنى تارتامدۇ؟

ساماندەك سارغىيىپ چىقتۇق ھاۋاغا،
ئۆزلىرىگە يىغلىغۇچە يىغلاي خۇداغا.
ساماندەك سارغىيىپ تۆكتۇق يېشىمىزنى،
خۇدايىم ئوڭلىدى يالغۇز بېشىمىزنى.

قاراپ قالدىم ئۆزلىرىگە،
ئاشىق بولدۇم سۆزلىرىگە.
نادامەتلىك تىللىرىدىن
گۆھەر كەبى گۈل ئاچىلۇر.

كۆرسەم ئەگەر، شۇ زامان
خەستە كۆڭلۈم ئاچىلۇر.

① جۇملە ئالەم ــ جىمى ئالەم .

سۆيسەم سىلىنى، شۇ زامان
مۇرادىم، ئىشقىم ئاچىلۇر.

سورىسىلا مېنىڭ ھالىمنى،
يىغلىماقتۇر مېنىڭ ئىشىم.
خۇدا قوشقان قارا بېشىم،
مۇڭدىشىم، قارا كۆز ئۆزلىرى.

ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىغان،
ھۇزۇر ئوتىدا داغلىغان.
ئۇزمىگەن زەپەر گۇلىنى،
بىز پېقىرغا ساقلىغان.
ماڭا ساقلىغان زىۋالىنى،
قىلسام ئەگەر كەرىپات،
ھۆسنى گۇلدەك قاتى قات.

سۇبھى ئەردى
ياقۇتۇ مارجان.
كۆزى ئەردى
مەۋلۇن مۇنەخشان.
يۇزى ئەردى
مەۋلۇن تولۇن ئاي.
سېنىڭدەك بولمىغۇم
ئالەمدە ھاي ـ ھاي.
سېنى كۆرسەم،
قاتار كىرپىكلىرىم،
مەۋلۇمغا نەشتەر.

ئەگەر سېنى كۆرسەم،
تامام ئەزالىرىم
ئۆرتىنەر.
قۇشتەك تولغىنىپ،
كىرسەم سېنىڭ
قاشىڭغا مەن.
شاي ئېتىپ
شەمشى قەمەردەك،
ئالسام سېنى
يانىمغا مەن.

جىمى خەلق ئاراسىدا
سۇلتان ئىكەنلا.
جىننىڭ بالاسى
ئۆزلىرى ئىكەنلا.
لەۋلىرى ياقۇتۇ مارجان،
ساچلىرى كافورمۇ سىز.
يۈزلىرى شەمشى قەمەردەك
كۆز خۇمارىم سىزمۇ سىز.
سۇبھى شامدىن كېچە ـ كۈندۈز.
بىقارارىم سىزمۇ سىز.
بۇ شەرىئەت ھۆكمىدە
بەش ۋاخ نامازىم سىزمۇ سىز.

ئۆرۈلۈرمەن، تەلپۈنۈرمەن،
ئەۋۋەل ئاخشامدىن سەھەر.

قۇدرىتىم بولسا ئەبەرسەم
قوش قاناتىمدىن خەۋەر.

كېلەر بولساڭ قېشىمغا،
ئاچىلۇر گۇللەر كېلۇر ماڭا.
يېنىپ كەتسەڭ قاشىمدىن،
قارا كۇنلەر كېلۇر ماڭا.

خەت پۈتۈپ، خالتا ئەبەردىم،
تىللا بويلۇق تونغا.
بىر كېلىپ، ئىككى كېلىپ،
كۆيدۇردۇ ئوتىغا.

خەت پۈتۈپ خالتا ئەبەردىم.
مېھرىبان يارىم، ساڭا،
ئوقۇتۇپ ئىلكىڭگە ئال،
مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا.

خەت پۈتۈپ خالتا ئەبەردىم،
بىئەدەپلىك بولمىغاي.
بىئەدەپلىك بولسا بولغاي،
ۋەدىسى يالغان بولمىغاي،
ۋەدىسىدە تۇرمىسا،
ھەرگىز مۇسۇلمان بولمىغاي.
ئاق ـ ئاققىنا چىشلىرى
دىلغا دارادۇ[1].

[1] دارادۇ ــ تارتماق، مەپتۇن قىلماق، جەلپ قىلماق.

قاشلىرى قازى بولۇپ
يۈرتنى سورادۇ.

كىرپىكلىرى مۆلدۈرلەپ
جاننى ئالادۇ.
جاننى جانغا ئۇلىسا،
جان جاننى جالاقدۇ①.
ئاشىق كىشى پەرۋانىدەك
ئوتتىن يانامدۇ؟

ئېگىز - ئېگىز دەرەخلەرنىڭ،
قاسرىقى سېرىق.
ئاقا قونغان لاچىنىمنىڭ
تىرنىقى ئېرىغ.
سىزنىڭ يارىڭىز يېقىن ئۇچۈن،
چىرايىڭىز ئېرىغ.
مېنىڭ يارىم يىراق ئۇچۈن،
چىرايىم سېرىق.

چىرايىمنىڭ سېرىقلىقى
جانىنىڭ پىراقى.
ياخشى يارنى كۆرسەتمىگەن
يولىنىڭ يىراقى.
سوۋغات ئەۋەتتىم،
شەھرىڭگە سالام.

① جالاق — باشقۇرۇش، بۇيرۇق.

بىر سالام كەلمەيدىغۇ، .
مەندىن بارار مىلڭ سالام،
سەندىن سالام كەلمەيدىغۇ
قاشى قارا تاش بېغىرنىلڭ
كۆرگۈسى كەلمەيدىغۇ.

بېيىت مەشۇق پۇتۇلدى،
يۇز بىر مۇھەممەت نامى.
مەگەر ئۆلسەك، تىرىلسەك يادلىنارمىز.
هۆل بولساق ئېقىپ كەتسەك،
قۇرۇق بولساق كۆيۇپ كەتسەك
بىۋاپا يار دەردىدە.
لىچىن بولۇپ ئۇچۇپ كەتسەك،
مېنى ئۇچتى دەپ،
قاغىنى قوندۇرماڭ، يارىم،
مېنى كەتتى دەپ،
ئوزارماڭ، يارىم.
مەن ھەم تىرىكتۇرمەن،
ئۆلسەم سىزدىن جۇدادۇرمەن.

كاككۇك ئاغزى تون كىيىپ
يېزىغا چىققان يالغۇزۇم،
چىنىمىكىن، غەلەتمىكىن،
بەتنام كۆتۈرگەن يالغۇزۇم.

يالغۇزۇم باغنىڭ ئىچىدە،
مەن تېشىدا سەبزە رەڭ.

سەبزە رەڭ قۇشقاچ بولۇپ،
ئۇچتۇم قاناتىمنى سوزۇپ،
ئانچە مەيلىڭ بولمىسا،
مەن ياناي ئۈمىد ئۈزۈپ.

ئۈمىدىڭنى ئۈزمە، يارىم،
مەنمۇ سۆزۈڭدە بولاي.
تاڭ سەھەر ئىشىككە چىقىپ،
زارمۇ زار يىغلاپ تۇراي.

مېنى زار يىغلايدۇ دەپ،
ئېيتساڭچۇ يارىمغا مېنىڭ.
ئۆچكۈسىز ئوتلارنى سالدىڭ،
خەستە جانىمغا مېنىڭ.

خەستە جانىم ساقايماس،
بۇغىنا دورا بىلەن.
بىر بولالماي كەتكۈدەكمىز
ئاخىرى ئارمان بىلەن.

تال ـ تالغىنا قىرچىنتالنىڭ
ئۇچلىرى شېكەر.
قىرچىنتالدەك بويلىرىغا
ئالسىلا نۆكەر.

بارچە گۈلنىڭ سانى يوق،
تۇپلەپ ئۈزدۈم بويلىرىغا.

يالغۇز ئۆلسەكمۇ ئۆلەيلى،
ئۆزلىرىنىڭ كويلىرىغا.

يازلىقى ئورۇۋالدىم،
چۇقۇراشنىڭ كۆكىنى.
قىشلىقى بوياققا سالدىم،
جۇگانلارنىڭ بۆكىنى.

جۇگانلار كېتىپ بارىدۇ،
ئوڭ قولىدا گۈلى بار.
توختىسىلا، جۇگانلار،
بىز غېرىبنىڭ گېپى بار.

ئۈنچىنى مارجانغا تىزدىم،
چىن سەدەپ بولغايمۇ دەپ.
چىن كۆڭلۈمنى ئۆزلىرىگە بەردىم،
مېھرىبان بولغايمۇ دەپ.

مېھرىبانمۇ ئۆزلىرى،
خۇشمۇ شېرىن سۆزلىرى.
بىر قاراپ، ئىككى قاراپ،
كۆڭلۈمنى ئالغان ئۆزلىرى.

كىچىككىنە باغچە ئىچىدە
تال دەرەخ بولدىمىكىن.
يامانلاپ كەتكەن يارىمغا
يار كېرەك بولدىمىكىن.

يامانلاپ كەتسەڭ كېتەرسەن،
كىمگە بولدى بۇ زىيان.
تەلىيىم بولسا تاپۇرمەن،
سەندىن ئوبدان مېھرىبان.

ئاق سارايدىن چىقتىلا
ئاق تاۋار تونىنى كىيىپ.
يەڭلىرىدۇر زۇلپىدەك،
تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ.

تال چىۋىق زىلۋا چىۋىق،
بويلىرىغا تىل تەگمىسۇن.
ئۆزلىرىدىن باشقىنى دېسەم،
تىلىم ئىمانغا كەلمىسۇن.

ئەي ھوپ، ئەي نىگارىم،
سەندىن ئۆزگە ھېچ نىگارىم يوق.
جاھاندا ئېچىلغان
قىزىلگۈلدىن گازارىم يوق.
كۆيۈپ كۈل بولدۇم،
سېنىڭ بىر خەۋىرىڭ يوق.
سەندىن بىر خەۋەر كەلسە،
مېنىڭ بۇندا تۇرارىم يوق.
يىراقلىقنى،
يېقىنلىقنى قوشسا جانىم،
سىزنى بىزگە قوشمىغان،
خەستە پەرمانىم.

تام بېشىدا ئۇلتۇرادۇ،
شاخشى بويلۇق شاھ يىگىت.
ئالما بەرسەم ئۇنىمەيدۇ،
بويلىرى ئالتۇن يىگىت.

بويلىرى ئالتۇن يىگىتنىڭ
سۇرىتى سۇلتانچە بار.
ئاي يۈزىگە نۇر يېغىپتۇ،
يېڭى ئۈزگەن گۈلچە بار.

گۈلنى ئۈزسەڭ ئۈچنى ئۈز،
شېخىدا گۈللەر قالمىغاي.
يارنى سۆيسەڭ ئۈچنى سۆي،
كۆڭلىدە ئارمان قالمىغاي.

زەر بىلەن زەنجىرىسى،
ئالتۇن بىلەن پەنجىرىسى.
چىڭغىراپ ئۈن كېلىدۇ،
قىز بېشىدا قاڭغۇرىسى.

قاڭغۇراڭنى ماڭا بەر،
ئەلەم قىلاي، قەلەم قىلاي.
قايسى قىزنى ئالسەن،
بېرىپ ئاڭا سالام قىلاي.

قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك،
دىلى شادلىقىم.

بىر كۆرمەككە زار بولدۇم،
قەلەم قاشلىقىم.

كىچىككىنە باغچە ئىچىدە،
ساغرا كېپىشنىڭ[①] ئىزى بار.
يارىمىنىڭ بارچە يېرىدە گۈلى بار،
ئاغزىدا ئايەت ئوقۇيدۇ،
قوينىدا كىتابى بار.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
ئاي يۈزىدە نۇرى بار.

تۆۋەيىندىن چىقىپ كېلىدۇ،
ئالىچىپارىم.
ئاستىدا ئالتۇن ئېگەر،
ئۈستىدە ياخشى نىگارىم.

ئايمۇ كېلىپ ئەگىپ ئۆتۈر
ئىشىكلىرىنى.
كۈنمۇ كېلىپ تەۋرىتىدۇ
بۆشۈكلىرىنى.
خالايىقلار ئېيتىدۇ
سۈپەتلىرىنى.
موللا بولسام، پۈتۈۋالسام
سۈرەتلىرىنى.

① ساغرا كېپىش ــ ئېشەك تېرىسىدىن ئىشلەنگەن ئاياغ.

يۇقىرىدىن چۈشۈپ كېلىدۇ،
ئالا ئاتلىقىم.
ئۈستىنىگە مىنىپ كەلگەن،
زىۋەر قاشلىقىم.
پىشقان ئۈزۈم شەربىتىدەك
سۆزى تاتلىقىم.

ئىشىكلىرىدە تۇردۇم بىردەم،
بىردەمگىنە مۇختەم①.
جان چىقمىسا تەندىن،
ئايرىلماسمەن سەندىن.

يارىمنىڭ يانچۇقىدا،
بىر جۈپ ھېقىق.
سىز بىزنى يۇرۇتمەيسىز،
خالايىققا چېقىپ.
سىز، بىز ئۆلىلىمۇ
دەريادا ئېقىپ.

بېدە كۆكى، بېدە كۆكى،
بەدەل ئېلىشتۇق.
بىز ئىككىيلەن ئەۋۋەلدە
نېمىلەر دېيىشتۇق؟
سېرىق قۇشقاچ بالىسىدەك
دانلار بېرىشتۇق.

---

① مۇختەم ــــ بىرئاز تەخىر قىلماق، بىردەم.

توغۇلۇپ تۆرىلىپ
بىلىشمىگەندەك،
جۇدا بولۇشتۇق.

بېدە كۆكلۈك، بېدە كۆكلۈك،
چەرۋىسى گۆشلۈك.
ئاۋۋال باشلاپ تېپىشقاندا،
نېمىلەر دېيىشتۇك.
قارا قۇشنىڭ بالىسىدەك
كۆڭۈل ئېلىشتۇق.
توغۇلۇپ كۆرۈشمەي،
جۇدا بولۇشتۇق.

قامچا ساپىقى ئىرغايدۇ.
پالتا چاپسام، تۇرمايدۇ.
قورايلاردىن يار تۇتسام،
بىر گېپىدە تۇرمايدۇ.

بىلەكلىرىڭنىڭ ئاقلىقى،
سائەتلىرىڭنىڭ يوقلۇقى.
مۇنداقمۇ قاۋۇل يىگىت بولاملا،
ئاشنىلىرىنىڭ يوقلۇقى.

قىزىلگۈل زىنىنتى بۇلبۇل ئەمەسمۇ،
مېنىڭدەك بىر يىگىت لازىم ئەمەسمۇ؟!

بۇ ئالەم باغىدا سىز بىر قىزىلگۈل،
ئىشقىڭىزدا بولۇپتۇرمەن بۇلبۇل.

سىزنى كۆرمىسەم بۇ ئىككى ھەپتە،
يۈرەك زەردابقا توشتى لەختە ـ لەختە.

سىزنىڭ بويىڭىز ئالتۇن ـ كۈمۈشتەك،
سىزگە مەن كۆيدۈم سېرىق قومۇشتەك.

ئۆزلىرىنىڭ بويلىرى
ئۇزۇن قومۇشتەك.
ئۆزلىرىنىڭ ئوبدانلىقلىرى
ئالتۇن ـ كۈمۈشتەك.

ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرى
شېكەرگە ئوخشايدۇ،
ھەسەلگە ئوخشايدۇ.
ئۆزلىرىنى بىر كۆرگەن كىشى
ئىككى كۆرگۈچىلىك
مۈشكۈل كېسەلگە ئۇچرايدۇ.

يارىم سېنى كۈندە كۆرگۈم كېلىدۇ،
قۇچاقىمغا ئېلىپ سۆيگۈم كېلىدۇ.

ئىلاجىم بولسا كۈندە كەلسەم قېشىڭغا،
قارا لاچىن بولۇپ قونسام بېشىڭغا.

سېنىڭ ئوبدانلىقىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشتەك،
ئوتۇڭدا كۆيۈپ كەتتىم كۆك قومۇشتەك.

ئېتىمنى سالمىدىم ئۆزى بىلۇر دەپ،
خالايىقلار ئاڭلىسا نەزمە قىلۇر دەپ.

ئۇكەر ئولتۇرسا، چىقىدۇ
ئىلىڭۇسىم بويلۇق.
ئىچىمگە ئوتلارنى سالغان
بېغىرزەڭ تونلۇق.

يول مېڭىپ ياغلىق بېرىپ،
يارىنى كۆيدۈرگەن.
كىمنىڭ شەرىدە بار
كۆيگەننى ئۆلتۈرگەن؟ !

كۆيۈك ئوتى يامان ئىكەن،
نادان بويىنى كۆرسەتتى.
ئۆلمەي تۇرۇپ،
دوزاخنى كۆرسەتتى.

سېرىق قۇش سايرايدۇ
سېرىق گۈلنىڭ شېخىدا.
يارنىڭ ئوتى كۆيىدۇ
يۈرىكىمنىڭ بېغىدا.

چىننى چىنە دېمەيمەن،
چىنە تاۋاق بولغان بىلەن.
مەن سېنى يارىم دېمەيمەن،
سۆلىتىڭ بولغان بىلەن.

تېمىڭنى ئېگىز قىلغان
ئىككى كېسەكنىڭ قالقىنى.
كۆڭلۈڭنى ئېگىز قىلغان
سۆسۈن چۈجەمنىڭ تالقىنى.

يار يىراق يولدىن كېلىپ،
كۆزۈمدە ئارمان قالمىدى.
شۈكۈر ئاللا، يارنى كۆردۈم،
ئىچىمدە ئارمان قالمىدى.

ياغ دېسەڭ يۇپاڭغا بار،
هاراق دېسەڭ شوپاڭغا بار.
قارا قاش يارنى دېسەڭ،
قولۇڭ سېلىپ بازارغا بار.

ياغلىقىڭنى يېشىل ئەتتىم،
كۆڭلىكىڭنى ماش رەڭ.
يەرلىرىڭنى باغلار ئەتتىم،
كۈندە كېلىپ غورا يەڭ.

ئوچاق تۈۋىڭنى ئويما،
بۆكۈڭنى قىڭغىر قويما.
مەن سېنىڭ خىلىڭ ئەمەس،
خىلىڭنى تېپىپ ئوينا.

ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدا
بىر تۈپ دەرەخ پەيدا قىلاي.

كۈندۈزى كۆيگەن يۈرەكنى
هاي ـ هۇي بىلەن كەچ قىلاي.
كېچىسى كۆيگەن يۈرەكنى،
جانۇم يارىم، قانداق قىلاي؟ !

ساي يەرگە تاۋۇز تېرىپ ئۈندىمىكىن،
پېلەكنى پېلەكىگە يەتتىمىكىن؟
سوراڭلار ئاشىقلىنىڭ ئۇستازىدىن،
مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتتىمىكىن.

بىر قېشىڭنىڭ قارىسى ئۇچسا كېتەمدۇ،
بىر سېنىڭدەك تاجىگۇل باغدا ئۈنەمدۇ؟
بىر سېنىڭدەك تاجىگۇل ھەر باغدا بولسا،
سوراپ بېقىڭ باغۇەندىن، پۇلغا ساتامدۇ؟

بىر قېشىڭنىڭ قاراسى ئالەمگە مەشھۇر.
بىر قىزىل ئالما بېرەي، قوينۇڭ ياراشۇر.
بىر قىزىل ئالما بېرەي قوينۇڭدا تۇرسۇن،
قايرىپ ـ قايرىپ سۆيگەنلىرىم يادىڭدا تۇرسۇن.

بۇ تاغلار ئارقىسىدا
قۇرغۇي ئۇيى بار.
شۇ يارىمنىڭ يانچۇقىدا
قۇرۇق ئۈزۈمى بار.
قۇرۇق ئۈزۈمنى بېرىپ ـ بېرىپ،
ئۇنۇتتى مېنى.
زىندانىدىكى گۇناھكاردەك
قۇرۇتتى مېنى.

قۇرۇتسىمۇ قۇرۇتقاندۇ،
گۇناھىم باردۇر.
ئاخىرەتتە سورىغۇچى
خۇدايىم باردۇر.

ئاختارمىدا خەت ئىبەردىم،
مەشۇقۇم سىزگە.
مەيلى بىلىڭ، مەيلى بىلمەڭ،
كۆيدۇم مەن سىزگە.
شۇبۇ ئوتتا ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۇۋالىم سىزگە.

ئېگىز تاغنىڭ باشىدا،
ئالتۇن خوراز سۇلايمان.
ئىچىمگە ئوتلارنى سېلىپ،
نەدە يۈرۈيدىلا خىرامان؟

چىللايدىلا، چىللايدىلا
ئىچ گەپلىرىنى ئېيتمايدىلا.
ئەگىم يوللاردا يۈرۈپ،
شېرىن جاننى قىينايدىلا.

ئالمىنى ئۈچ چۆرۈلۈپ،
تۇتتۇم شېخى بادام، دەپ.
سەن كۆزۈڭگە ئىلمىدىڭ،
ئەقلى كىچىك نادان، دەپ.

ئىلمىساڭمۇ سەن كۆزۈڭگە،
يارى بولغايمەن ساڭا.
تاڭلا ئۈچ كۈندىن كېيىن
زارى يىغلايسەن ماڭا.

ئايمۇ ئۆتتى، يىلمۇ ئۆتتى،
يارى سارغايتتى مېنى.
ئۆزى ئۇتلۇق، كۆزى چوغلۇق
زارى قاقشاتتى مېنى.

زارى ـ زار قاقشاي دېسەك،
ئالەمگە مەشھۇر بولغۇدەك.
سىز خېنىمنىڭ دەردىدە
يۈرەك ئېرىپ سۇ بولغۇدەك.

سىز ئاندا يېتىپسىز، يارىم،
خىيالىمغا كىرىسىز دائىم.
باراي دېسەم يول يىراق،
كۆيۈپ كەتتى يۈرەك ـ باغرىم.

يول يىراق بولسا بولغاي،
كۆڭۈل يىراقى بولمىغاي.
ئىككىمىزنىڭ ئاراسىدا
ۋەدە يالغان بولمىغاي.

ئەي يارىم، سېنى كۆرمەي
كۆڭۈللەر بولدى مۇشتەك.

ئىككىمىز بىر يەردە بولساق،
چۈجە باشلىغان قۇشتەك.

ئاق ئالما قىزارغاندەك
قىزىل گۈلدەك مېنىڭ يارىم.
شېكەر بىلەن يۇغۇرغاندەك
شېرىن سۆزلۈك تولۇن ئايىم.

سېنى ئاندا گۈل ياراتىپتۇ،
مېنى بۇندا بۇلبۇل.
كۆزى ئوتلۇق، چېچى سۇمبۇل،
كويۇڭدا مەن بۇلبۇل.

تەستىقىڭدىن ئۆرگىلەي،
ئالتۇن تۇمارىم.
بارچە خەقلەر ئاراسىدا
كۆڭۈل خۇمارىم.

قىزىل ئەمەن قىزارمايلا
ئەجەب ئاندا تۇمان بوپتۇ.
كۆيەر ئوتقا مېنى سېلىپ،
ئۆزى يولغا راۋان بوپتۇ.

تام بېشىدا رەڭگى پاختەك،
ئاراسىدا كۆكىنەك.

ئوڭ قولۇمغا خوپ ياراشتى
يارىم بەرگەن پوستىنەك[①].

يارىم بەرگەن پوستىنەكنىڭ
ئالتۇن مىنەن[②] زەرى بار.
ياخشىنىڭ قىلغان خۇيى،
ئىچتە، يۈرەكتە دېغى بار.

داغمۇ داغ ئەتمەڭ، يارىم،
شاۋزە كۆيدۈرمەڭ، يارىم.
ئىلمە كۆڭلەكلىك ئىلىپ،
ئالدىدا دەزمال سىلىڭ.

ئۈنچىنى مارجانغا بەردىم،
زەرمۇ زەر بولغايمۇ، دەپ.
بۇ بېيىتنى ئۆزلىرىگە ئېيتتىم،
مېھرىبان بولغايمۇ، دەپ.

مۇستاپا، يادىڭدا مەن
ئالتە ئاي، ئالتە يىلدىن.
مەن سىنىڭ كويۇڭدا مەن
ئالتە ئاي، ئالتە يىلدىن.
ئالتە كۈنچە كۆرمىدىم،
ھەرقانچە يىراق بولساڭمۇ،

① پوستىنەك ــ پوستىپىياز خەمىكى.
② مىنەن ــ بىلەن.

ئۆمىدىمنى ئۈزمىدىم.
سايدا بېرىپ قوشۇلغان سۇنى
سۈيۈم دەمدۇ كىشى؟
سىنىماي كۆڭۈل ئېلىشقان يارنى
يارىم دەمدۇ كىشى؟ !

سۇنىڭ سۈزۈكى بولاق،
چاچنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق.
سەن يىراقتىن يار تۇتساڭ،
ئاڭلاپ تۇرىدۇ قولاق.

بېيىت پۈتتۈم
زوتىنە تاۋاغا.
خەت ئەۋەتتىم
بەختى ناۋاغا.
قارا قاش چىقمىدى
ئۆيدىن تالاغا.
بىكارغا يىغلاپتىمەن
سەن بىۋاپاغا.
بىۋاپاغا يىغلىغۇچە،
يىغلاي خۇداغا.

خۇداغا يىغلىسام،
ئوڭلار بېشىمنى.
ساماندەك سارغىيىپ،
تۆكتۈم يېشىمنى.

ساماندەك سارغىيىپ بولماس،
بۇلۇتتەك ئاقىرىپ بولماس.
خۇدا بەرگەن ئەزىز جاننى
كىشىگە خار قىلىپ بولماس.

قارا قۇش ئۇچار بولدى،
هاۋا ئارىلاپ.
جان ئىككى كۆزىمىز
ئۆزلىرىگە قارالاپ،
يۈرىكىمىز قالمىدى
سىرىق سۇ باغلاپ.
جېنىمىزنى ئالدىلا
چوغ بىلەن داغلاپ.

قارا قۇشلار ئۇچۇپ كەتتى
ئاسمان ئارالاپ.
ئىككى كۆزۈم ئىقىپ كەتتى
ئۆزلىرىگە قارالاپ.

ئۆزلىرىنىڭ ئوبدانلىقى
ئالتۇن ـ كۈمۈشتەك.
ئوتلىرىدا كۆيۈپ كەتتۇق
سىرىق قومۇشتەك.

ئوتلىرىدا پايلىماي
ئىقىن دەرياسىدەك ئاقسام.

مۇبادا بولمىسا،
يۈرەكنى يۈرەككە ياقسام.

ئاخىر كۆرۈشمەك ئۈچۈن،
قىلغاي خۇدايىم بىزنى نېسىپ.
پىراقلىرىدا كۆيگۈچە،
مەنمۇ ماڭاي قانات قېقىپ.

تۆۋەيىندىن كېلىۋاتىدۇ
زەپىراندەك سارغىيىپ.
مەنمۇ چىقتىم ئارقىلىرىدىن
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.

ئىككىمىزنىڭ ئارىسى
قىلدى يۈرەكلەرنى كاۋاپ.
شىشىدە بويۇڭنى كۆرسەم،
مەككە دەپ قىلسام تاۋاپ.

مەككىگە بارمالڭ، يارىم،
مۇندىمۇ بىر مەككە بار.
ئاي يۈزۈڭنى كۈندە كۆرسەم،
مەككىگە بارغانچە بار.

مەككىنىڭ مەرەۋى ئوخشاش
ئەگىم - ئەگىم قاشلىرى.
ئاخشام چىققان ئايغا ئوخشاش
خۇش مۇبارەك يۈزلىرى.

كۆندۈز چىققان كۈنگە ئوخشاش
ئوتلۇق - ئوتلۇق كۆزلىرى.
كېچە چىققان ئايغا ئوخشاش
زەپىراندەك يۈزلىرى.

بىر كۆرۈشمەستىن بۇرۇن،
جانىمنى ئالغان ئۆزلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشىمايدۇ
جىمى ئالەم قىزلىرى.

ئاپئاق ئايلا، كۈمۈش ئايلا،
ئەرتىدىن ھالىم خاراب.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
تاڭ ئاتقۇچە لىم ساناپ.

يار بولسام ساڭا بولدۇم،
بولمىدىم خار ئۆزگىگە.
كەس بېشىمنى، ئىچ قېنىمنى،
قول سېلىپ بار ئۆزىگە.

ئالتۇن بولسا، كۈمۈش بولسا،
سالسا بىلەككە.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى
تەگسە يۈرەككە.

چاقمىقىڭنى چېقىپ بەرسەڭ،
تاماكا تارتسام.

يۈرەكىڭنى ئېچىپ بەرسەڭ،
يۈرەكنى ياقسام.

قاتار ـ قاتار غاز كەلدى،
چىمەننى دەسسەپ.
مەن يارىمغا چاي تۇتىمەن،
ئەرزىمنى سۆزلەپ.

يېمىگەننى يېگۈزىمەن،
شېكەرنى قېتىپ.
كيىمىگەننى كيىگۈزىمەن،
جېنىمنى سېتىپ.

مۇھەببەت نامىنى يازدىم،
ئاڭلىسۇن دەپ.
مېنىڭ كيىگەنلىرىمنى
چاغلىسۇن دەپ.

ئەجەب قويدۇڭ مېنى
ئاتەش بۇلاققا.
كېچە ـ كۈندۈز كۆيۈرمەن
ئىشتىياقتا.

كېچە بولسا كۆزۈمدىن
ئۇيقۇ قاچتى.
تامام ئەزالىرىمغا
ئوت تۇتاشتى.

كويۈڭدا بولدۇم دىۋانە،
ئىشقىڭدا بولدۇم پەرۋانە.
مېنى قىلما ۋەيرانە،
قەدىرلىكىم جانانە.

تېنىمدا قالمىدى جان،
بولۇپتۇرمەن ساڭا قۇربان.

كىچىككىنە ئېرىقىم بار چامداپ ئۆتكۈدەك،
سۇزۇككىنە سۈيى بار سۇمۇرۇپ ئىچكۈدەك.

سۇزۇككىنە سۇ ئىچىدە چىپار ئالا تاش،
كىچىكىدىلا كۆيدۈرگەن جانىم قارا قاش.

ئول يارىمنىڭ مەندە باردۇر
هالقا ـ هالقا زەنجىرى.
قاشلىرى ئۇنداق نازاكەت،
ئىككى زۇلپى ساچلىرى.

لەئەل ـ ياقۇتتىن ئەزىزدۇر
تاجى دۆلەت باشلىرى.
ئۆزلىرىگە ئوخشىمايدۇ
جۈملە ئالەم قىزلىرى.

ئۆزلىرىنىڭ غەملىرىدىن،
بىر نەپسى غاپىل ئەمەسمەن.

ئۆزلىرىدىن ئۆزگىنى
ھەرگىز يارىم دېمەسمەن.
مېنىڭدىن ئۆزگىنى يارىم دېسىلە،
قىيامەت دەھشىتىدە دەۋا قىلۇرمەن.

قارا ـ قارا سىلكىنىپ
مۆرەڭدە تۇرغان ساچلىرىڭ.
ئەگىم ـ ئەگىم ئېگىلىپ،
دىۋانە قىلغان قاشلىرىڭ.

ئەگىم ـ ئەگىم قاشلىرىڭنىڭ
بىر تەرىپى مەندىمەن.
كۆندۈزى كويۇڭدا مەن،
كېچىسى غېمىڭدە مەن.
سەن تولا غەم قىلمىغىن،
ھەر زامان يېنىڭدا مەن.

يىراق يەرلەردىمىكىن دەپ،
جۇدا بولدۇقمىكىن، يارىم.
ئۆزلىرىنى بىزگە قوشۇرمىكىن،
ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم؟ !

جۇدا بولدۇقمىكىن دەپ،
خىيال ئەيلىمەڭ، يارىم.
ئارىمىز يىراق بولغان بىلەن،
دائىم سىزدىدۇر خىيالىم.

خەت پۈتۈپ نامە ئەبەردىم،
تىللا بويلۇق توتىغا.
ئۆز ماكانىدا تۇرۇپ،
كۆيدۈردۈ ئوتىغا.



# قىيقاس بېيىتلىرى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپىنچە چاقچاقلىرى شېئىرىي تۈس ئالغان. تۇرمۇشتىكى غەلىبە، نەتىجە، يېڭىلىق، خۇشاللىقلار، شۇنداقلا كىشىلەر ئارىسىدىكى ناچار خاھىش، ئىللەت، بەتقىلىقلىق، ئەدەپسىزلىكلەر ھازىرجاۋاب كىشىلەر تەرىپىدىن دەرھاللا قاپىيىلىك ھەزىل - چاقچاقلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەتراپتىكى كىشىلەرمۇ بۇ چاقچاقلارغا دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ «قىيقاس» سېلىپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. «قىيقاس» سېلىش مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە رەسمىيەتلىرى بار. توي - مەرىكە، مەشرەپلەردە ئويۇن - تاماشا راسا قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندا، سورۇن ئەھلى ئاجايىپ جانلىنىپ كېتىدۇ، نەغمىچىلەر ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا شوخ، شادىيانە پەدىلەرگە چالسا، ئۇسسۇلچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، قىزغىن ئۇسسۇل ماھارەتلىرى بىلەن كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا بىر قىسىم قىزىقچى يىگىتلەر ئۇلارنى تەرىپلەپ ئۈنلۈك بېيىت ئېيتىدۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ھەر تىنىغان ئارىلىقتا «قىيقاس» توۋلاپ بېرىدۇ. بەزىدە بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپ مەشرەپ قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارمۇ قىيقاسچىلارنىڭ مەسخىرىسى ئىچىدە قالىدۇ. بۇنداق چاغلاردا «ھە، بارىكاللا، قىي-

قاس» دېگەن ئاۋازلار ئۆينى بىر ئالدۇ، ئەلنەغمىچىلەرمۇ ئو-يۇن ـ تاماشىنىڭ قىزىقىدىن ئورنىدا ئولتۇرالماي ئۆرە تۇرۇپ چىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەشرەپنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ جانلىنىپ كېتىدۇ. ئارىلىقتا مەشرەپ باشقۇرغۇچى ئۆي ئىد-گىسىگە ۋاكالىتەن ئۇستىگە يىپەك رەخت يېپىلغان پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ: «پالانى ئاخۇننىڭ پالانچىغا ئاتىغىنىكەن» دەپ، پەت-نۇسنى كىشىلەرنىڭ بېشىدىن ئۆرۈيدۇ. سورۇن ئەھلى ئىخ-تىيار قىلىپ ئۆزىنىڭ ئاتىغىنىنى پەتنۇسنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويىدۇ. بۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ۋە باشقا مەشرەپ ئەھلى-نىڭ ئەلنەغمىچىلەرگە ئاتىغان ھەدىيىسى ياكى رەھمىتى بو-لۇپ قالىدۇ.

مەن بىر ئەر ئىدىم،
بارنى يوق قىلىدىغان،
يوقنى بار قىلىدىغان.
ئەتىدىن ئاخشامغا
تېكىنىڭ تېشىچە لاي قىلىدىغان.
كەسلەنچۈككە
يۈگەن سالماي مىنىدىغان.
تاغنى كۆتۈرۈپ،
ئوڭدىسىغا ئېلىپ ئۆرىدىغان،
ئوقيانىڭ يايىنى كەرمەي ئاتىدىغان.
قاقشالمۇ قاقشال،
چاھار باغدا باخشال.
توي ئىگىسى نەغمىچىلەرنىڭ بېشىدىن
بىر توپ تاۋار ئۆرۈپتۇ،
هه ! خالايىق، باركاللا، قىيقاس ! !

پولۇنى كۆرۈڭ، پادىشاھ بولدى،
بەش يۈز ئەسكەرنى باشلاپ، ھە... !
مانتىنى كۆرۈڭ، ئەلەم بولدى
قالپىقىنى قىرلاپ، ھە...

بەنشىنى كۆرۈڭ، دورغا بولدى،
قالپىقى قىلدىن يوغان، ھە... !
ھېسسىپ قالدى كېيىن مەنسىپى
تايىن بولمىغان، ھە... !
ھە ! كۆپچىلىك، بارىكاللا، قىيقاس !

تۈلكە توقماقچىدى،
بۆرە چوماقچىدى،
سېغىزغان خەۋەرچىدى.
قۇيرۇقى يەردىدى،
بىر قىزى ئەردىدى،
بىر قىزى مەندىدى.
مېنىڭ بىر خوتۇنۇم بارىدى،
ئۇنىڭ ئېتى زورىدى،
بىر سىقىم ئۇننى تارتسام،
شامالغا سورىدى.
كېچىسى قوپۇپ جۆيلۈدى،
قورسىقى كۆپۈپ ئۆلدى.
قاقشالدا قاقشال
شەلۋەردە قاقشال.
ئىككى جوگان، بىر يىگىت
ئۇسسۇل ئوينايتۇ،

گۈلزەپەرگە ئوخشار.
بارىكاللا ! قىيقاس ! !

ئۆنىمگەن چىغ تۆۋىدىن
تۆغۆلىغان توشقان چىقتى.
كەسمىگەن تاياق بىلەن ئۇرۇۋىدىم،
ماتىمىغان[1] ئورىغا چۈشتى.
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى،
ھەممە خەقلەر بىر بولۇپ يېۋىدى،
قالدى يەنە تەڭ يارىمىسى.
قاقشالمۇ قاقشال،
قاقشال كۆتۈرگەن باخشال.
ئاخۇن بوۋام، ئايلا مومام،
جوۋاپ[2] ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
سىرىق زەپەر گۈلگە ئوخشار.
قېنى خالايىق، بارىكاللا، قىيقاس !

ئېگىز ئورتەڭنىڭ ئوتى
چاچرىغاق بولۇر.
يامان خوتۇننىڭ قىزىنى ئالساڭ،
تاتىلىغاق بولۇر.
قاقشالمۇ قاقشال،
چاھارباغدا باخشال.

① ماتاش ـــ كولاش.
② جوۋاپ ـــ ئىلتىپات قىلماق، ئاۋارە بولماق.

بىر يىگىت، بىر قىز ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
گۈزەل پەرىگە ئوخشار.
بارىكاللا، خالايىق، قىيقاس !

قەغەز بىلەن قازان ئەتتىم،
ئۆي بېشى پاتتى.
ئوت قالىمىدىم، سۇ قۇيمىدىم،
قايندى، تاشتى.
كەسلەنچۈككە ئوقۇرۇق سالدىم،
ئېلىپ ئېپقاچتى.
قوڭغۇز مىنىپ قوغلاشتىم،
بەش تاپان ئاشتى.
كەسمىگەن تاياق بىلەن بىرنى ساپتىمەن،
كولىمىغان ئورىغا چۈشتى.
سوقمىغان پىچاق بىلەن تارتىپ بوغۇزلىدۇق،
ئاغا ـ ئىنى ئىككىيلەن تەڭ سويدۇق.
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى.
يېغى بىلەن يازلىدىم،
گۆشى بىلەن قىشلىدىم.
ئاغىنە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن يېدىم،
ھېلىمۇ بار تەڭ يارتىسى.
قالغان ياغنى ئۆتۈكۈمگە سۇردۇم،
بىر پارچە كىگىزنى پايتىما قىلدىم،
قېقىراڭ يەرگە چىقىپ ماڭدىم، چۈش بولدى،
ئاڭا قاراپ كۆڭلۈم خۇش بولدى.
قاقشالمۇ قاقشال،

شەرۋەلدە باخشال.
بىر يىگىت، بىر جوگاننىڭ ئوسسول ئوينىشى
گول زەپەرگە ئوخشار.
خالايىق، بارىكاللا، قىيقاس !

موللامىنىڭ موللىسىنىڭ ئېتى
ھىدائىي خېتىپ.
ئېشەكنى ئوغرىلاپ،
بوغداينى ئارتتى.
چىلانتوروق ئېتىنى مىنىپ،
قىزيوغونغا قاچتى.
ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ،
تېرىسىنى چوقوپ ئىدى،
قويموچىغا[1] تارتتى،
قاقشالمو قاقشال،
شەرۋەلدە باخشال.
بارىكاللا، قىيقاس !

مەن بىر ئەر ئىدىم،
قالپىقىمنى قىرلىغان.
مونوربەگنى دورىغان،
بىر شىڭ كېپەكنى
يۆلەتمەي كۆتۈرىدىغان،
قوڭغوزنى دۆڭگە تارتماي مىنىدىغان.

---

[1] قويموچ ـــ ساغرا.

قاقشالدا قاقشال،
چاھارباغدا باخشال.
ھەممە خالايىق ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
گۈل زەپەرگە ئوخشار.
ھە، يىگىتلەر، قىيقاس !

پاقا تېرەككە چىقتى،
قۇيرۇقى شاختا.
بوز تونغا كىمخاب ياقا،
قوتۇر ئېشەككە ئالتۇن تاقا.
قاقشالمۇ قاقشال،
چاھارباغدا باخشال.
بىر يىگىت بىلەن بىر قىز
ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
گۈلزەپەرگە ئوخشار.
بارىكاللا ! قىيقاس !

پاقا جەردىكەن،
قۇيرۇقى يەردىكەن،
ئۇسسۇل ئوينىغانلار تۆردىكەن،
ئوينىمىغانلار يەردىكەن.
جۇۋا كەستىم، جۇۋا كەستىم،
جۇۋىدىن چىقتى پۇرۇش.
بىر يىگىت، بىر جۇگان ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
قالغانلارغا نە تۇرۇش؟ !
قېنى، كۆپچىلىك، مانا كەتتى، قىيقاس !

ھەلەپ بەردىم ئىنەككە،
ئالدىم سامان سېۋەتكە.
بۇ ئىككىيلەن ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
نېچۇك چىداي بۇ دەردكە.
ئالمىنى ئاتتىم، باققالغا ساتتىم،
مەيلىڭلارچە ئويناڭلار.
كۆرەر كۆزۈمنى كۆرمەسكە سېلىپ،
مەن ئۆيگە قايتتىم.
خەير – خوش، خالايىق،
بارىكالللا، قىيقاس !

موللام چىقتى ئۆرۈككە.
كىردى چوماق پۈرۈككە،
چىقمىسىدى ئۆرۈككە.
كىرمىسىدى پۈرۈككە.
قېنى، بالىلار، بارىكالللا، قىيقاس !

قەشقەرگە ھاكىم بولدۇم،
يەكەنگە تۆرە.
ئەتىگەندە مانتا يېدىم،
ئاخشىمىغا پۆرە.
ئۆزۈم موللا بولغان بىلەن،
ئوقۇمىدىم ئۇششاق سۈرە.
بارىكالللا، قىيقاس !

ئالتە پۇڭغا ئۆي ئالدىم،
ئاتمىش سەرگە توقماق.

ساغرىسىغا مىنىۋېلىپ،
قوينوچىغا سوقماق.
بارىكاللا، قىيقاس !

مەن بىر ئەر ئىدىم،
ئالتە ناننى ھاپ قىلىدىغان،
يېمىگەننى شوم قىلىدىغان.
يەيدىغاننى يەپ بولوپ،
يەنە بارمو دەيدىغان.
ئىشتىنىمنىڭ پوچقىقىنى مەيدەمگىچە تورىدىغان،
كەچكىچە ئون ئىككى جىڭ كەتمەننى مورەمگە سېلىپ،
تېكىنىنىڭ تېشىچە لاي قىلىدىغان.
لاي قىلىپ بولوپ ئۆيگە كەلسەم،
كەلمىگەن مېھمانلار كەپتو،
ئۆچكە ئۆلتورەي دېسەم چوپورچىلىق،
قوي ئۆلتورەي دېسەم ئوروقچىلىق،
تۆگە ئۆلتورەي دېسەم توقچىلىق،
شونداقتىمو تارتىپ ئېلىپ كېلىپ بىرنى بوغوزلىدىم.
تېرىسى ئوتتوز گەردىشكە داپ بولدى.
موڭگوزى توققوز كەتمەنگە ساپ بولدى.
گۆشىنى مېھمانلار يەپ بولالماي كۆپ بولدى.
يەنە قىرىق توققوز داسقا چوقا ئاش بولدى.
قاقشالمو قاقشال،
چارباغدا باخشال.
ئوتتورىدا بىر خېنىم ئوسسول ئويناپتو.
ساچلىرى سومبولدەك،
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،

كىرپىكلىرى بوغداينىڭ قىلتىرىقىدەك،
كۆزلىرى قايناپ تۇرغان بۇلاقتەك،
قاچارلىرى ئاناردەك،
قوللىرى ئەۋرىشىمدەك،
بويلىرى قىرچىن تالدەك.
ھە ! يىگىتلەر، باركاللا، قىيقاس !

قارا قاغا قازانچى،
ئالا قاغا ئازانچى.
ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلار نەغمىچى،
ئوتتۇرىسىدىكىلەر ئۇسسۇلچى،
چۆرىسىدە تۇرغانلار تاماشا كۆرگۈچى.
يان يەردە ئېرىق بولماس،
قۇم يەردە تېرىق بولماس.
يان يەردە ئېرىق بولسا
سىيرىلگەك بولۇر.
قۇم يەردە تېرىق بولسا
يالغۇزەك بولۇر.
ئاياللار ئوغۇل تۇغسا،
نەغمىچى بولۇر.
قىز تۇغسا ئۇسسۇلچى بولۇر.
ھە... ! يىگىتلەر، باركاللا، قىيقاس !
مېھمانلار چىقسۇن دۆشكە،
تويدا ئۆلتۇرۇپتۇ ئۆچكە.
ئاياللار كېلىپتۇ ئاسقۇدىكى
لوققىدە گۆشكە،

ئەر كېلىپتۇ قورۇقلا تۆشكە.
هە... ! مېھمانلار، باركاللا، قىيقاس !

قېرى يېنىپتۇ يېشىغا،
پوسما كىيىپتۇ بېشىغا،
ئوسما قويۇپتۇ قېشىغا.
مەنمۇ كەلدىم قېشىغا،
بەش يىگىتنىڭ بېشىغا.
نەدىن كەلدى ئاچچىقىم،
تېپىۋەردىم بېشىغا.
قاچىمەن دەپ يىقىلىپ چۈشتى.
ئۆرۈۋەتتى ئىشىكنى تېشىغا.
قاقشالمۇ قاقشال،
چارباغدا باخشال.
بىر جوگان ئۇسسۇل ئويناپتۇ،
قارچىغىدەك سىلكىنىپ،
قارچىغىدەك ئېتىلىپ.
ۋاي ! يىگىتلەر، قىيقاس !

باغچىلارغا گۈل تېرىپ،
تۇتۇۋالدىم ھەرىنى.
ياشلىقىمغا پايلىماي
سۆيۈۋالدىم قېرىنى.
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
چەلپەك ئەتتىم بەرىنى،
چەلپەكنى يەپ بولۇپ
قوڭغا تەپتىم قېرىنى.

قاقشالدا قاقشال، چاھارباغدا باخشال.
گۈلى زەپەر، گۈلى ۋاخشال، قىيقاس !
ۋاككا ـ ۋاككاك ۋاڭ تاجى،
شەھەرنى ئالغان قونتاجى.
ئالتە پۇڭغا بوغۇز ئېلىپ،
يەتتە تۇلۇمغا ساتقان ساۋۇر ھاجى.
يورغا ئاتنىڭ كۆلەڭگىسىگە قارىغان
مەمتىلى ھوشۇرھاجى.
ئۇزۇن چاپان چاڭدىخىن،
كالتە چاپان دۈەندىخىن.
گەپنى قىلساڭ دودى قىلما
خودى ئاغزىڭ زاڭدىخىن.
بۈگۈن بەرگەن قۇيرۇقۇڭدىن،
ئەتىكى ئۆپكەڭ شاڭدىخىن.
قاقشالدا قاقشال، چاھارباغدا باخشال.
گۈلى زەپەر، گۈلى ۋاخشال، قىيقاس !

موللام چىقتى جۇجەمگە،
يۈگۈرۈپ چۈشتى تۇزلەڭگە.
قاشنى ئېتىپ سۆيۈۋالاي
ئۇپا سۇرگەن يۈزۈڭگە.
مىنىڭنىم جەردە ئۇلاغ،
تۇگۇرمەننىڭ قوۋۇقى سولاق.
تۇگۇرمەننىڭ قوۋۇقىنى ئاچالمىغان
بىڭىسى يوق خوتۇن تالاق.
قاقشالدا قاقشال، چاھارباغدا باخشال.
گۈلى زەپەر، گۈلى ۋاخشال، بارىكاللا، قىيقاس !

ئاشتۇرۇڭ، تاشتۇرۇڭ،
ياخشىنى ياندا شتۇرۇڭ.
يامانىنى ئازغاشتۇرۇڭ،
داپنى چالغاچ تۇرۇڭ.
ناخشىنى ئېيتقاچ تۇرۇڭ،
ئۇسسۇلنى ئويناپ تۇرۇڭ،
قىيقاسنى مەن سالغاچ تۇراي،
قېنى، كۆپچىلىك، بارىكاللا، قىيقاس!
سازلىرىڭنى ئالساڭچۇ،
داپلىرىڭنى چالساڭچۇ.
ناخشىلىرىڭنى ياڭرىتىپ
قىزلارنى ئۇسسۇلغا سالساڭچۇ.
يىگىتلەرنى خۇش قىلىپ،
مېنى قىيقاسقا سالساڭچۇ!
... گۇلزەپەر، گۇلقىيقاس!

چىنە چىنىداندىن چىقار،
غېدىر خۇمداندىن چىقار.
تاشكۆمۈر تاغدىن چىقار،
جىگىردەك ياغدىن چىقار.
كۆيۈكى ئەمدى بېسىلدى،
دەردى ئۆلگەندە چىقار.
بارىكاللا، قىيقاس!

تاماكا لەمجىندىن چىقار،
چىنە بەجىندىن چىقار.
قاقشال توغراق نومدىن چىقار،

سۆكسۆك ئوتون بايدىن چىقار.
ياخشى يارنىڭ كۆيۈكى
جان تالاشقاندا چىقار.
بارىكاللا، قىيقاس !

جوجەملەر پىشىپ قاپتۇ،
ئوقۇرۇق[1] بىلەن قاقايلى.
ئۈسسۈلچىلار ھېرىپ قاپتۇ،
ھەلەپ بېرىپ باقايلى.
قاقشالمۇ قاقشال،
چاھار باغدا باخشال.
ھە، يىگىتلەر ! بارىكاللا، قىيقاس !

كەلمىگەندىن كەلگىنىڭ ياخشى،
يىغلىغىنىڭدىن كۈلگىنىڭ ياخشى،
مەشرەپكە كېلىپ جىم ئولتۇرغاندىن،
سەكرەپ - سەكرەپ ئوينىغان ياخشى...
بولمىسا كەتكىنىڭ ياخشى.
ھە ! كۆپچىلىك، بارىكاللا، قىيقاس !

بىرگىنە موللا كېلىپتۇ خاندۇدىن،
جۇسەي پۇرايدۇ تۇرىكە قويغان مانتىدىن.
بۇ گېپىڭ ماڭا ئېغىر تەگدى
سوقما سوققان لانتىدىن.
ئەمدى ھەرگىز يېمەسمەن

① ئوقۇرۇق — مېۋە - چېۋىلەرنى قاقىدىغان ئۇزۇن تاياق .

جۇسەيدە ئەتكەن مانتىدىن.
ئەتى سايدىن ئوتۇن ئالدۇق
ياخشى تاماق ئېتىشكە.
گايىت موللام ئالدىرايدۇ
ئۆيگە چاقفان كېتىشكە.
بۇگۈن ئويناپ مەشرەپ،
ھودۇقتى ئۇ تەمتىرەپ.
ئۇيالدىمۇ يا خەقلەردىن،
قالدى ئەجەب ئەندىرەپ.
ھە ! خالايىق، بارىكاللا، قىيقاس ! ! !...



# چوٛن-چوٛن سالاۋات

چوٛن - چوٛن سالاۋات،
بەر موٛھەممەت،
ھەر كىشى ئۆلەر،
ئىشىكنى كۆزلەر.
ئوڭدا بەگلەر،
سولدا ئاغچىلار.
ئاڭلاڭلار،
تىڭشاڭلار.
توي - توي بولىدۇ،
توي تويغا ئوخشىمايدۇ.
توي ئۈستىگە توي بولمىسا،
توي، مەرىكە قىزىمايدۇ.
بۇرۇن تويغا
سېلىق سالاتتى،
توي بۇزۇلاتتى
زىرىقتا، يىڭنە،
ئازغاندا، مونچاق.
پۈتىغا پوپۇچ
چىكىدە بوقۇچ.

بوپا تالىشىپ،
بولاتتى سوقۇش.
تېرەككە توخۇ چىقتى،
ئۆجمىگە چىقتى پاقا.
ئاغىچىلار كۆڭلەك كىيدى،
بىر ـ بىرىگە باقا ـ باقا.
سېمىز ئىنەككە
چولاق بۇقا.
ھۆرۈن ئېشەككە
ياغاچ تاقا...
كۆل تام بولماس،
كۆل تام بولسا
تۈۋى بوش بولىدۇ.
كۈيئوغۇل بالا بولماس.
كۈيئوغۇل بالا بولسا
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
كۆڭلى خۇش بولىدۇ.
يان يەردە قوناق بولماس،
يان يەردە قوناق بولسا،
ئېچىپ ئورىغىلى بولماس.
يان يەردە بۇلاق بولماس،
يان يەردە بۇلاق بولسا،
كېچىپ ئۆتكىلى بولماس.
يان يەرگە قوناق تەرسە،
مۇندىلا بولدى.
ئازگالغا چامغۇر تەرسە،

يۈندىلا بولدى.
تاز قىزغا ئەر چىقمايدۇ،
مېنىڭ بىر دوستۇم بار،
خوتۇن چىقمايدۇ.
نېمە بالا بولدى؟
كىچىكلەر چوڭلارنى
ئىززەت قىلىڭلار.
چوڭلارغا نەزەر سېلىپ،
ھۆرمەت قىلىڭلار.
ئايالاردا بىر ئادەت بار،
ئۆزى بىلمەيدۇ.
شۇ ئادەتنى تاشلىمىسا
توغرا كەلمەيدۇ.
مەيلى تويغا،
مەيلى نەزىرگە
بىر قېتىم ئېيتسا،
چاپسان دېمىسە،
ھال تارتىپ زادى كەلمەيدۇ.
توي قىلغۇچى ساھىبخان
ھەم قاراپ تۇرغان.
پالانچى خېنىمدەم كەلمىدى دەپ،
خىجالەت بولغان.
بىر قېتىم ئېيتقانغا
رازى بولماستىن
«چاپسان دېمىدى مېنى» دەپ،
ئۇ يامانلىغان.

ئىككى خوتۇن بىر بولۇپ
غەيۋەت قىلماقتىلار،
چوڭنى ئاتلاپ، كىچىكلەر
تۆرگە چىقماقتىلار.
تۆرگە چىققان ئەسلىدە
تەكەببۇرلۇقتۇر.
تەكەببۇرلۇق قىلغانلاردىن
رەھىم كۈتمەڭلار.
بۇرۇن، بۇرۇن ئىكەن،
پاقا پوستەكچى،
بۆرگە تۈگمەنچى.
چار توخۇ قاقاقلىدى،
مومام قوپتى تە ـ تەلەپ
قونداقىا چىقتى
پايپاق خوراز.
ئۈچالمايدۇ مەللەتوخۇ.
دوستۇم: «خوتۇنغا تويۇڭ» دەيدۇ.
قېينانام قىزىنى: «قويۇڭ !» دەيدۇ.
بىر قېينانام بار،
ھەددىدىن زىيادە !
ئۇنىڭ ئالدىدا
شەيتانلار پىيادە.
مەن باردىم ئىشىك ماراپ،
ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ،
سىز تۇرۇپسىز باش تاراپ.
نالە ئوقۇپ ياندىم مەن،


تۆز ئىشنى ئەگرى قىلماڭ،
بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىڭ،
قويۇپ بېرەي سىزنى مەن.
بۆجۈ ـ بۆجۈ، بۆجۈيىگىز،
بىزمۇ سىزنىڭ گادىيىگىز.
نېمە مۇنچە قىينىدىڭىز؟
يوقمۇ سىزنىڭ خۇدىڭىز؟ !
ئۆزىڭىز موللا يىگىت،
دۇگەت، قەلەم قېشىڭىزدا.
خەللىك تۇماق كىيىۋاپسىز،
كۆك تاۋاردا تېشى بار.
سېغىزغان چوقچايدى،
قۇيرۇقى پاخپايدى.
قۇشقاچ چاك ـ چاك
تورغاي پاق ـ پاق.
بۆدۈنە ۋىتتۋالداق.
تاختا بېشىدا سېرىق ياغ،
ئېلىپ ـ ئېلىپ يەۋېلىپ،
بولدى قورساق دومىلاق.
چەيلەڭزىنىڭ يېنىدا،
سۇ ئاقىدۇ يانبۇلاق.
بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئاياللىرى
ئۆز چېچىنى ياراتماي،
يالغان چاچنى سېلىۋاپتۇ،
يانپاشقىچە ساپ ئۇلاق.
مەن ئۆزۈم باتۇر ئىدىم،

تاغدا كېيىك ئاتۇر ئىدىم.
قالپىقىمنى قىردا قويۇپ،
تاغقا چىقىپ ياتۇر ئىدىم.
يېنى يوق قوڭغۇزنى
يانغا تارتماي مىنىۋىدىم،
يېرىم جىلىڭ كېپەكنى،
كىشىگە يۆلەتمەي ئارتىۋىدىم.
تۇتۇپ ئېلىپ باشنى،
بىر هارۋىغا قاتاتتىم.
هارۋا ئەمەس، شەيتانچاق دېسەڭلار،
بىر تۇگمەن تېشىنى
ئۈچ كۈنلۈك يەرگە چۆرەتتىم.
تۈگمەن ئەمەس، ئۇرچۇق دېسەڭلار،
كۈندە مىڭ پۇت بۇغداي تارتاتتىم.
مىڭ پۇت ئەمەس، ئون پۇت دېسەڭلار،
بىر پادىشاهقا بىر يىل يېتەتتى.
دەريانىڭ ئۇ قېتىغا تېرىق تېرىپ،
بۇ قېتىدا تۇرۇپ ئوراتتىم.
دەريا ئەمەس، ئېرىق دېسەڭلار،
بىر غاز ئۇچۇپ ئۆتەلمەيتتى.
غاز ئەمەس، بالىسى دېسەڭلار،
خان سارىيىغا قانتى پاتمايتتى.
ساراي ئەمەس، هۇجرا دېسەڭلار،
ئېشەك هاڭرىسا تۆرگە ئاڭلانمايتتى.
ئېشەك ئەمەس، خوتەك دېسەڭلار،

توشقانغا تاپ باستۇرماي يېتەتتى.
توشقان ئەمەس، بۆجەن دېسەڭلار،
پادىشاھقا جۇۋا، تازغا قۇلاقچا ئاشاتتى.
تاز ئەمەس، ساقتۇ دېسەڭلار،
تۆت خوتۇن ئەينەك قىلاتتى.
ئەينەك ئەمەس، يالغان دېسەڭلار،
دۇربۇن قىلسا، تاغنى كۆرەتتى،
دۇربۇن ئەمەس، يالغان دېسەڭلار،
بازاردا ساتسا، چوكان كېلەتتى.
چوكان ئەمەس، موماي دېسەڭلار،
كۆنگە توققۇز ياڭزا كۆڭلەك يۆتكەيتتى.
ئۇنمىگەن چىغ تۇۋىدىن،
تۆرەلمىگەن توشقان چىقتى.
تۇتمىغان توقماق بىلەن ئۇرۇۋىدىم،
كولىمىغان ئورىغا چۈشتى.
ئالتە كىشىگە باستۇردۇم،
يەتتە كىشىگە سويدۇردۇم.
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى.
قىشتىن بېرى يەۋاتىمىز،
ھېلىمۇ بار تەڭ يارتىسى.
يالغان بولسا قاراپ باق
قوزۇقتا بار كاللىسى.
چۈن - چۈن سالاۋات،
ئېيتاي دېسەم، قالمىغىنى.

كۆپچىلىك ئولتۇرۇپسىلەر
چۇن - چۇن سالاۋات ئاڭلىغىلى.
شۇنىڭ بىلەن چۇن - چۇن سالاۋات
تامام بولغىنى.
ساھىبخان ئورنىدىن قوپتى،
قولۇمغا ياغلىق باغلىغىلى.
چۇن - چۇن سالاۋات
قىز - يىگىتنىڭ تاماشىسى.
چۇن - چۇن سالاۋات ئېيتالايدۇ،
بۇ قوشاقنى قوشقان كىشى.
بىر ياغلىق دېگەن تۆگە ئەمەس،
ياغلىق دېگەن كۆڭۈل خۇشى.
بۇ سۆزۈڭگە كۇلدى بارچە،
كۇلەي دېدى قىز ئانىسى،
قىز ئانىسى ئورنىدىن مىدىرلىدى.
بۇ سۆزۈمنى يالغان دېمەڭلار،
يانچۇقىدىن بىر نەرسىنى سوغۇراي دېدى.
مەرد يىگىتلەر تويغا كېلىپ توشىدىكەن،
چۇن - چۇن سالاۋات ئېيتقان كىشى قوشىدىكەن.
ئاز بولسىمۇ، ساھىبخان، كۆپكە تەۋە،
ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ سىزگە قىلغان كۆڭلى ئىكەن.
تۇگەتتۇق چۇن - چۇن سالاۋاتنى
ماقال بىلەن چۇشۇرۇڭلار ئايغىنى،
چۇقان بىلەن ئوتتۇز ئوغۇل خۇسۇسىيىتىنى،
چوڭ - كىچىك، كۆپچىلىك، باقىمسىلەر،
باركاللا... باركاللا !...

# باللار قوشاقلری



باللار قوشاقلری



# دىكىر - دىكىر توشقان

دىكىر - دىكىر توشقان،
نەگە بارىسەن، توشقان؟
دىكىر ئاكام قېشىغا.
دىكىر ئاكاڭ نېمە بەردى؟
ئۆچكە سېغىپ سۈت بەردى.
ئۆچكىسىنىڭ سۈتى يوق،
ئوغلىقىنىڭ پۇتى يوق.
ئۆزى ئىچتى بىر چارا،
ماڭا بەردى بىر قوشۇق.
بىر قوشۇققا تويمىدىم،
ئۆڭگۈرۈمنى[1] قويمىدىم.
يۈگۈرۈپ باردىم تۆشۈككە،
بېشىم تەگدى بۆشۈككە.

① ئۆڭگۈر — بوغدىيەك.

## گۆرس

ئوغلاق، مولاق.
ئۆيگە كىرسەم قوۋۇق سولاق،
قوغلاپ سالدىم خوتۇن تالاق.
بىر تاي سېتىپ قىز ئالدىم،
قىزنىڭ ئېتى قىڭغىراق.
ئاش قىلدى قاپقارا،
ئۆزى ئىچتى بىر چارا.

## ئەنى، مەنى

ئەنى - مەنى،
ئەركىن دادى،
ئاخۇر - ماخۇر پەمە دوست،
ھەپىس - كوس.
گۆپپۆل - گوپ، باس !

## ئۆمۆر - لۆمۆر بۇلاقى

ئۆمۆر - لۆمۆر بۇلاقى،
ئۇلۇغ سۇنىڭ پۇراقى.
ئۇ بۇلاقتا بىر كەتمەن،
بۇ بۇلاقتا بىر كەتمەن.
كەتمەن بېشى پۇتۇكلۇك،
يىلان بېشى كەرتىكلىك.
كەرتىكلىكتە نېمەڭ بار؟

ئالا ـ بۇلا تايلار بار.
ئالا ـ بۇلا تايلارنى
تويلۇق سېلىپ قىز ئالدىم.
قىزنىڭ ئېتى قامقارا،
ئاشنى قىلدى قاپقارا.
ئاناڭ قايان كەتتى؟
ئاش ئەتكىلى كەتتى.
ماڭمۇ ئېلىپ قويدۇڭلارمۇ؟
ئېشىمنى تاختا بېشىدا قويسام،
قاغا ئاكام چوقۇلاپ كەتتى.
قاغا ئاكامنى قوغلاپ بارسام،
خېنىم ئاغچام ئاق چۆكەم[1] بەردى.
ئاق چۆكەمنىڭ ئېقىنى ئاقلىدىم،
ئەخمەت ئاكام كىردى،
شېخىنى شاخلىدىم.
شاخمەت ئاكام كىردى،
سېرىقىنى ساقلاپ يېدىم،
ئۆزىگە قالدى قاسىرىقى.
ماڭا ئەمدى ھېچنېمە يوق.

## يامغۇر ياغلاق

يامغۇر ياغلاق،
ئۆچكە ساغلاق.
ئاسماندىكى موملارنىڭ

① چۆكەم ـــ ئاق پۇرچاق.

ئەمچەكلىرى دومىلاق.
ئويناپدىغان بالا بارمۇ؟
مۆرەيدىغان كالا بارمۇ؟

## مېنىڭ ئاپام ئاپئاق

ئاق تەلەڭگە، كۆك تەلەڭگە،
زىلى ـ زىلىقەم.
زىلىقەمنىڭ بالىسى،
بوغۇم ـ بوغۇمچاق.
پىچاندىكى جۇۋانلارغا
پوتا سالسام كېلەدۇ.
تالادىكى خوتۇنلار
مېنىڭ ئاپامغا ئوخشامدۇ؟
بىر كۆزى ئاق، بىر كۆزى ساق
مېنىڭ ئاپام تولۇن ئايدەك ئاپئاق.

## چىڭگىل لەيلى

چىڭگىل لەيلى،
چىڭگىلەي،
مەن بازارغا بارماقچى.
مەن بازارغا بارغاندا
ئالتۇن يىگىنە[1] ئالماقچى.
سېلىپ ئالتۇن يىگىنە

---

[1] يىگىنە ــ سىرغا، ھالقا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

خان غوجامغا يارىماقچى.
چىڭگىل، چىڭگىلەي،
مەن بازارغا بارماقچى،
يانچۇقۇمدا بەش ئاقچى،
ئابلاخاننى ئالماقچى.
ئابلاخاننى ئالغاندا،
ئالتۇن يىگىنە سالماقچى.
ئابلاخان ئوغۇل تۇغسا
چىنەتەخسىگە سالماقچى.
شۇ ئوغۇلنىڭ ئېتىنى
مەمەت ئېلى قويماقچى.

## ئەيسا ئاكام

ئەيسا ئاكام ئۆلۈپتۇ،
ئاق مازارغا كۆمۈپتۇ.
ئەيسا ئاكام ئايۋاندا،
ئۇن تاسقايدۇ جاۋاندا.
— ئەيسا ئاكامنىڭ نېمىسى بار؟
— چىنەتەخسىدە پىستىسى بار.
— پىستىسىنى كىم چاقىدۇ؟
— هاشىم ئاكام ئۇستىسى بار.
يول بەرسەڭمۇ ئاتىمەن،
بەرمىسەڭمۇ ئاتىمەن.
ئەيسا ئاكام دەردىدە
يۇلغۇن تۇۋىدە ياتىمەن.

لىڭگىر ـ لىڭگىر
تاق ـ تاق،
ئەيسا، ئەيسا
پاق ـ پاق.
ئەيسا دېگەن ئۆلۈپتۇ،
شورتاڭلىققا كۆمۈپتۇ.
يىغلايدىغان ئادەم يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.

## كۆن چىق

كۆن چىق، كۆن چىق، ئاپتاپ چىق،
خاننىڭ قىزى يىغلاپ چىق.
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟
مۆرەيدىغان كالا بارمۇ؟

## بىر باسىتىم، ئىككى باسىتىم

بىر باسىتىم، ئىككى باسىتىم
چاقىمغا تانا باسىتىم.
سىرلىق ساندۇق چاپتۇردۇم،
مەخمەل بىلەن ياپتۇردۇم.
كىمخاب بىلەن ئاچتۇردۇم،
يىلان توغراپ ئاش ئەتتىم،
پاقلان توغراپ كۆك ئەتتىم،
ئەزىز ئاتا ـ ئانامنى
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم.

# تاقفا ـ تۇقفا (1)

تاقفا ـ تۇقفا،
زەنجىر ھالقا،
پاقا چىقتى تېرەككە،
قۇيرۇقى شاخقا،
بۆز چاپانغا كىمخاب ياقا،
قوتۇر ئېشەككە ئالتۇن تاقا.
نەمەنگاندىن بىر خوتۇن ئالسام،
سىڭار يېنى دوققا،
سىڭار يېنى سوققا.
ئاچچىقىم نەدىن كەلدى،
ئۇرىۋەردىم جاققا ـ جۇققا.
ئەتىسى قوپسام ئوخشاپ قاپتۇ،
ئاتقا توقۇيدىغان ئەسكى لىڭگىرچاققا.
چىمىلتىقىم چىمچىق،
تاپىنىدا قان چىق.
تاقفا ـ تۇقفا،
زەنجىر ھالقا.
ھالقاڭ قايدا؟ تاغدا.
تاغ سېنىڭ، باغ مېنىڭ،
ئۇزۇم پىشتى بال ـ شېكەر،
خان قىزى !
مەن تۇرۇپ، سەن چىق،
تاپىنىڭدا قان چىق،
چىمىلتىقىم چىمچىق.

تاقـقا ـ تۇقـقا، زەنجىر ھالقا،
خاننىڭ قىزى ھالقا بەردى.
گۇلدۇر ـ كۆمەش كەسلەنچۈك،
ئوغلاقىنىڭغا يەتكەنچۈك.
كەنجى بولساڭ مالىكى،
ئون توققۇزدا بىر گۇمبات.
دادام بار، دادام بار،
خان يولىدا دادام بار،
دادام ئاتتى پوزا[①]
يانچۇقىدا سوزا.
كېيىنكى ئايلار روزا.

توختىكەم، توخمالىكەم،
جانغا سوققان مالىكەم.
ھارامزادە دانىكەم.
چىمىلتىقىم چىمچىق،
تاپىنىڭدا قان چىق.

## تاقـقا ـ تۇقـقا (2)

تاقـقا ـ تۇقـقا،
زەنجىر ھالقا.
ھالقامبەدى لالىڭشېكەرخان قىزى،
گۇلدۇر ـ كۆمەش پىستەنچۈك.

① پوزا — تۆت ئوشۇقنىڭ قىماردىكى ئۇتۇشى.

ئۆلىغىدا سۆت ئەمچەك،
دادام بار،
دادام بار.
دادام ئىتى پوزا،
يانچۇقىدا سوزا.
ئوڭ قولۇم، سول قولۇم.
چىمچىق،
كومبولكوم.
ئاپتاپتا يولغا چىقىپتۇ،
ئاپتاپسىنىمەن دەپ.
بىر قىز بالا چوڭ بوپتۇ،
ئەرگە تېگىمەن دەپ.
ئاپىسى چازا بەرمەپتۇ،
بايغا بېرىمەن دەپ.
باينىڭ ئوغلى ئالماپتۇ،
ماڭقىسى باركەن دەپ.

كىم ئوساردى
كىم ئوساردى؟
ئات ئوساردى.
ئاتنىڭ قارنى يەرگە تەگدى.
ئاپپاڭ، جاپپاڭ،
تۆمۈر – تەسەك، پىستەك،
دالىدىم دالچۇق،
كۆزى يامان قانجۇق.
(ئاي بىشى) يىل بېشىدا،
ئايدەك ياسانغان جۇۋان.

توك تېزەككە مۆدۈرۈلۈپ،
ئاتتەك ئوسارغان جوۋان.
دالىدىم، دالچوق،
كۆزى يامان قانجوق.

## چولىچاق

چولى - چولى چولىچاق،
مېنىڭ بالام ئاي مونچاق.
تەمەچ تەردىم بىر قوچاق.
تەمچىگنى كىم ئالدى،
مەمەت تۆمۈر ئىگغىرچاق.

## تېقىرچاق

تېقىر - تېقىر تېقىرچاق،
ئىچىدىكى بېقىرچاق.
ئىككى تۈلۈم ئوزۇقى،
كۆتىدىكى قوزۇقى.

## قاغىلار قاق

قاق - قاق، قاغىلار قاق،
ئىشتىنى ئاق،
مەمەت ئاكام خوتۇن تالاق.
ئالا قاغا، نەگە بارىسەن؟
ئالا تاغقا.

ئالا تاغدا نېمەڭ بار؟
ئۆشساق ـ ئۆشساق جىگدەم بار.
كىم بەردى؟
مومام بەردى.
ئوغلۇمغا بەردىم ئورغاقچە،
قىزىمغا بەردىم قىڭراقچە.
ئۆزۈمگە قالدى تىرناقچە.
ئوغلۇم يەپ ئوۋغا چىقتى،
قىزىم يەپ قىرغا چىقتى.

## بەش پۇلۇمنى بەر، ئاداش

ھاشىماخۇن قارا قاش،
ئۆتۈك تىكىدۇ.
ئۇنى ـ بۇنى سەپلەپ،
يوغان تىكىدۇ.

ھاشىماخۇن قارا قاش،
بەش پۇلۇمنى بەر، ئاداش.
بەش پۇلۇمنى بەرمىسەڭ،
شەرئىەتكە يۈر، ئاداش.

شەرئىەتتە نېمە بار؟
ئاخۇن بىلەن قازى بار.
ئۇلار بىزنى نېمە قىلۇر؟
ئۇلار بىزنى خۇن قىلۇر.

شەرىئەتكە بارمايمەن،
قازى ئاخۇنۇمنى كۆرمەيمەن.
بەش پۇلۇڭنى ئال، ئاداش،
سېنىڭ بىلەن ئوينايمەن.

## خوپ بولۇڭ

خوپ بولۇڭ، چوپ بولۇڭ،
نامازشامنىڭ ئارقىدا،
كۆتى قۇۋاق جىن بولۇڭ.

## هە دېگەنگە هە بېرەي

هە دېگەنگە هە بېرەي،
يەتتە كۇنلۇك يەر بېرەي،
هە دېگەنگە هەدەڭگە،
توقۇز ئاتار بەردەڭگە[1]،
ئىتتىرىۋەتتىم ئۆستەڭگە.

## جاقا - جۇمبۇرچاق

جاق - جاق، جاقا - جۇمبۇرچاق،
قوتۇر ئاتنىڭ دۇمبىسىدە،

① بەردەڭگە — توقۇز ئاتار مىلتىق.

ئەسكى ئىشكىر چاق،
ئۆرۈلۈپ كەتكەن سۇپاڭغا،
يۈگۈرۈپ چىقايمۇ؟
پۈرلىشىپ كەتكەن يۈزۈڭگە
دەزمال سالايمۇ؟

## ئاسمانغا تاش ئاتتىم

ئاسمانغا تاش ئاتتىم،
مايمۇنغا قاش ئاتتىم.
ئۇخلاپ قالغان قىزچاقنى
دۇتار چېلىپ ئويغاتتىم.

## ئاداش ـ ئاداش بولايلى

ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
ئالما قېقى شورايلى.
تالىشىپ يېگەچ بىر ناننى
دەريا بويى بويلايلى.

ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
ئالما قېقى شورايلى.
ئۇلۇغ سۇنىڭ بويىدا،
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.

## بىر بالاڭنى بەرسەڭچۇ

بىر بالاڭنى بەرسەڭچۇ،
كۈچۈك يەتسە ئالساڭچۇ.
ئالالمىساڭ ئالالما،
يامان خۇيۇڭنى قويساڭچۇ.

## ئېھ ـ ئېھ ، مەن ئاغرىق

ئېھ ـ ئېھ، مەن ئاغرىق،
داستىخاندا نان بارمۇ؟
چەينەكتە چاي بارمۇ؟
ئېھ ـ ئېھ، مەن ئاغرىق،
قازاندا ئاش بارمۇ؟
داڭقاندا شورپا بارمۇ؟
داڭقان يېرىلدى،
شورپا تۆكۈلدى.

## ئاخۇنزادە ئاپئاق

ئاخۇنزادە ئاپئاق،
ئىككى كۆزى چاپاق.
مالىكى دوزاخ،
يەردىن چىققان ياپاڭزا،
پەرەڭ باققان خاۋازا.

## مەن قوشناچىم بىلەن

مەن قوشناچىم بىلەن ئۈن تاسقاقداشماقچىدىم،
تاسقاقداشمىسىمۇ، تاسقاقداشماقچىدىم.
(قىزلار تېز سۆزلەتتە يەتتە قېتىم ئېيتىدۇ)

## مەن موللام بىلەن

مەن موللام بىلەن چىغ توقماقداشماقچىدىم،
چىغ توقماقداشمىسىمۇ، توقماقداشماقچىدىم.
(ئوغۇللار يەتتە قېتىم تېز دېيىشى شەرت)

## چۆچۈرەك قاينايدۇ

چۆچۈرەك قاينايدۇ،
ئانىكام بەرمەيدۇ.
ئۆزى بولسا يېمەيدۇ،
قازان تۈۋىنى يالايدۇ.
چۆچۈرەم قاينايدۇ،
ئانىكام ماڭا بەرمەيدۇ.
بەرمىسە بەرمىسۇن،
ئۆزى ئىچىۋالسۇن،
كۆڭلۈم قالمايدۇ.



ئەتكەن ئىشى قاقىرا،
قاپقارا، قاپقارا.

ماشا بەردى بىر قوشۇق،
ئۆزى ئىچتى بىر چارا.
بىر قوشۇققا تويمىدىم،
ئىبتەك - چۆرەمنى قويمىدىم.

## لىغگىر تايتاق

لىغگىر تايتاق، ئايسى پايپاق،
ئايسى پايپاق ئۆلۈپتۇ،
قۇم داۋانغا كۆمۈپتۇ،
يىغلايدىغان ئادەم يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.

## قۇربان قۇرت

قۇربان قۇرت،
ئۆچكە بۇرۇت.
تۆگە تەپكەن،
قارنى كۆپكەن،
يېرىم ناننى يەپ،
يۇرتىغا يەتكەن.

## ئىمام ئاخۇنۇم ، نەگە بارىلا

ئىمام ئاخۇنۇم، مەزىن ئاخۇنۇم،
نەگە بارىلا؟

تۆگە باقىلى.
تۆگىلىرى نېمە يەيدۇ؟
قوناق شېخى.
ئۆزلىرى نېمە يەيلا؟
بەتتە پولۇ.
بىر جىڭ گۆش ئالدىم،
داڭقانغا سالدىم.
داڭقان يېرىلدى،
شورپا تۆكۈلدى.
ۋاي داد، ئىمام ئاخۇنۇم، داد !

## كىگىزچى بىلەن شاگىرت

ئاتقۇچى داڭ ـ داڭ قىلىدۇ،
ئىتلىرى غاڭ ـ غاڭ قىلىدۇ.
ئاتقۇچىنىڭ بىر قىزى بار،
قاپقارا ئاش قىلىدۇ.

ئۆزى ئىچىدۇ بىر تاۋاق،
ماڭا بەردى بىر قوشۇق.
بىر قوشۇققا تويمىدىم،
ئېتىكىنى پوقلىدىم.

## كەتتى ـ كەتتى ، خاۋازا

كەتتى ـ كەتتى خاۋازا،
دەرۋازىغا يەتتى،

كىرىپ كەتتى خاۋازا،
دەرۋايىغا يەتتى.

## مياۋ ـ مياۋ مۈشۈكۈم

مىياۋ ـ مىياۋ مۈشۈكۈم،
ناننى بەرسەم بەك يەيدۇ،
ئاشنى بەرسەم ئىچىدۇ،
يەرنى كولاپ چىچىدۇ.

## داد، پادىشاھىم، داد

داد، پادىشاھىم، داد،
نېمە ئۈچۈن داد؟
ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپتۇ،
ئوغرىنى تۇتۇڭلار !
داد، پادىشاھىم، داد،
نېمە ئۈچۈن داد؟
ئوغرىنى تۇتتۇق.

ئۈچ تۈرلۈك جازا بېرىلسۇن:
بىرىنچى، چىلان يېدۈرمەك جازاسى بېرىلسۇن؛
ئىككىنچى، پاختەك ئۈچۈرماق جازاسى بېرىلسۇن؛
ئۈچىنچى، يەتتە غېرىچ يەرنى بۇرنى بىلەن سىزىش جازا-
سى بېرىلسۇن.

## ھەر ھەپتىدە يەتتە كۈن

دۈشەنبە كەلدى دۈشەنبە
سايراپ كەلدى سەيشەنبە.
چارلاپ كەلدى چارشەنبە،
پايلاپ كەلدى پەيشەنبە.
ئۇلۇغ جۈمە، شېكەر شەنبە،
ئوينايدىغان يەكشەنبە.

## قوتۇر – قوتۇر، شۇم قوتۇر

قوتۇر – قوتۇر، شۇم قوتۇر،
قۇم قازانغا نان قاتۇر.
نان ئوتتۇرىسى پىشقۇچە،
چۆرىسىنى يەپ ياتۇر.

ئۆزى ھۇرۇن، گەپ ساتۇر،
تاڭگازىنى يەپ ساتۇر.
خوتۇنى ئەگەر پۇل دېسە،
ئولتۇرۇپ بېشى قاتۇر.

## جالدۇرجاقىم، جالدۇرجاق

جالدۇرجاقىم، جالدۇرجاق.
كونا شەرنىڭ باللارى،
يېڭى شەرنىڭ باللارى.

پۇل بەرسەڭمۇ ئاتىمەن،
بەرمىسەڭمۇ ئاتىمەن.

يۇلغۇن تۇۋىدە ياتىمەن،
يۇلغۇن تۇۋىدە ئىككى باش،
ئىككىلىسى قەلەم قاش،
جاق - جاق، جاققا - جۇمبۇرجاق.

## مالدىكى مەكرولار

كى كۆزىنىڭ بۇلىقى،
يۇرەكتە ئىككى قۇلىقى.
ئارقا پۇتتا قۇياگى،
ئۇچەيدىكى يىغلاڭغى.

ئىككى قولىنىڭ قاناتى،
ئۆتى بىلەن ئالتى،
كۆتى بىلەن يەتتى.

## قاتار - قاتار تۆگىلەر

قاتار - قاتار تۆگىلەر،
نەگە بارغان تۆگىلەر؟
تۇزغا بارغان تۆگىلەر.
تۇزۇڭ قېنى، تۆگىلەر.
ئۇلۇغ يولدا تۆكۈلدى،
مەستۇرخان يىقىلدى.

ھاشىماخۇن ئوسۇردى.
غانجۇغامدا تۆشۈك بار،
ماراپ تۇرغان چاشقان بار.

## ۋاسسارى

ۋاسسارىما، ۋاسسارى،
تاقىر ـ توقۇر ۋاسسارى.
كەشكىنمۇ كىيمەمسەن،
مايماق كېتىدۇ دەمسەن.
ياش بالاڭنى بەرمەمسەن،
قارا باتۇر قۇل دەمسەن.
قۇملۇقلاردا قۇم تولا،
يانچۇقلاردا پۇل تولا.
بەش داچەنگە ئۇپا ئالسام،
ئالتە چوكان گول بولا.
چىگىچى بوغدايچى،
ئۆمىلەپ ناغرىچى.
رىزۋاننىڭ قايسى قىزى؟
ئەڭ كىچىك ئاپئاق قىزى.
ئۇپىلارنى نەدىن ئالۇر؟
باغۋەننىڭ بېغىدىن.
باغۋەن كىمگە تېگەر؟
قۇربان ئۇستا تازغا تېگەر.
تازلارنىڭ نېمىلىرى بار؟
ئاپئاق ـ ئاپئاق قۇشلىرى بار.

قۇشلىرىنى قۇشلايلى،
تاز بېشىغا مۇشتلايلى،
ئىككى - ئۈچ پۇڭلۇق رەڭ ئېلىپ،
يۈزى - كۆزىنى بويايلى !

## ۋاتىر - ۋات

ۋاتىر - ۋاتىر، ۋاتىر ۋات،
ۋاتىر ۋاتساڭ، ۋاتىر ۋات.
زالىملارنى ئۆلتۈرۈۋات،
توخۇ گۆشى گۆش ئەمەس،
بىزدەك ئەرلەر بوش ئەمەس.

ۋاتىر ۋات،
ۋاتىر ۋات،
كۆڭلى قارا،
دىلى يات،

سىنىڭ ئەمەس مېنىڭكى،
ئاكام بەرگەن ئاق ناۋات.
ساڭا ھەرگىز بەرمەيمەن،
كۆتۈرسەڭمۇ داد - پەرياد،
يامان بولساڭ ئاتتۇرۇۋات،
يامان بولساڭ چاپتۇرۇۋات.
ئۇيات - ئۇيات !

## ئوھو - ئوھو بوۋىسى

ئوھو - ئوھو بوۋىسى،
تاختا - خالو مومىسى.
تەتۈر كىيىپ جۇۋىنى،
تاياق تايىنىپ ئوينايدۇ.

## تۇڭگۇر تۇك

تۇڭگۇرتۇڭمۇ، تۇڭگۇرتۇك،
بالىلارنى يۇگۇرتۇك.
بالىلارنى كەپسىز قىلماي،
ياخشى ئىشقا ئوگىتىك.

ئايسىخانلار ئولۇپتۇ،
خالىي گىلەم يېپىپتۇ.
نامىزىدا ئادەم كوپ،
نەۋرىلىرى كېلىپتۇ.

## ئاق تەلەڭگە

ئاق تەلەڭگە،
كوك تەلەڭگە.
زالى - زالىخان،
زالىخانىنىڭ بالىلىرى بوغۇم - بوغۇمچاق.

كۆچادىكى ئايلامغا
پوتا سالسام يېتەمدۇ؟ !
تالادىكى خوتۇنلارغا
مېنىڭ ئاپام ئوخشامدۇ؟ !

## يىغلىماڭ ، قىز

قازناقتىن قىز چىقتى،
قولۇپنى تولاپ.
ئاغزىغا بىرنى قويدۇم،
يىغلىتىپ ئويناپ.

يىغلىماڭ، قىز، يىغلىماڭ،
ئەتە كېلەرمىز.
سىزگە ئاتاپ گولاڭ ـ شېكەر
ئېلىپ كېلەرمىز.

كىچىك ـ كىچىك ئۆچكىلەرنى
قويلىغىلى ياخشى.
سىزمۇ كىچىك، بىزمۇ كىچىك،
ئوينىغىلى ياخشى.

## مەن پاختەك

گۇ ـ گۇ ـ گۇ، مەن پاختەك،
جۇجەم پىش، ئاغزىمغا چۈش.

## ئاتاڭ نەگە كەتتى

ئاتاڭ نەگە كەتتى؟
تاغلارغا كەتتى.
كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ؟
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.
نېمە قىلغىلى كەتتى؟
كىگىز قىلغىلى كەتتى.
ساڭا نېمە ئەكېلىدۇ؟
ئىشتان ـ كۆڭلەك ئەكېلىدۇ.
سەنمۇ بارامسەن، بارمامسەن؟
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى...
ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن
لاچىن بالىسى.
ئېگىز تاغدىن ئۇچۇپ چۈشكەن
قۇرغۇي بالىسى.
بۇ ئۆمۈرنى ئىزدەپ يۈرگەن
تۆرە بالىسى.
ئەتىگەن قوپۇپ دۇئا قىلسۇن
ئاخۇن دادىسى.
سىلاپ ـ سىيپاپ بالام قىلسۇن،
قۇشناچ ئانىسى.

## ئوينىمايمەن

ئوينىمايمەن، چوينىمايمەن،
ئىشتان ـ كۆڭلەك كىيمەيمەن.

ئاتام ماشا كەمپوت بەرمىسە،
ئاتام دىمەيمەن.

## قاپاق

ئېرىق بويىغا چىقسام
ئاچمىغان قاپاق چىقتى.
قاپاقنى ئېچىپ باقسام
ھاشىخان چاپاق چىقتى.
بىر بېسىپ ئېغىز ئاچتىم،
يېنىمغا قاپاق ئاستىم.
سۇنى ئېلىپ ئىچكە،
ھويلامغا بېرىپ چاچتىم.

## بولدى ـ بولدى

بولدى ـ بولدى ـ بولدى،
بولمايدىغان نەدە بار؟
ئەسكى خوتۇن نەدە بار،
ئېشى پىشمىغان ئۆيدە بار.

## بەخسەم ـ بەخسەم

بەخسەم ـ بەخسەم،
چىنە ـ تەخسەم.
ئەتە بازارغا بارارسەن،
تارغاق ـ سۇزگۈچ ئالارسەن.

تارغاق ـ سۈزگۈچ ئالغاندا،
باش ـ كۆزۈڭنى تارارسەن.
باش ـ كۆزۈڭنى تارىغاندا،
ئەرگە، ئەرگە تېگەرسەن.
ئەرگە، ئەرگە تەگكەندە،
ئالتە بالا تۇغارسەن.
ئالتە بالا بەرى پوق،
ئېرتاي دېسەڭ لاتا يوق.

## ئالتە غاز

ساز ـ ساز، چېكىلەڭ ساز،
هويلاڭدىكى ئالتە غاز.
ئالتە غازنى كىم باقتى،
بىزنىڭ قوشنا ــ مەمەت نىياز.

## قۇشۇم بار

ــ زەينەپ، زەينەپ، زەينىپىم،
سەن قاياققا بارىسەن؟
ــ ئالتايغا بارىمەن.
ــ ئالتايدا نېمەڭ بار؟
ــ ئۇچىدىغان قۇشۇم بار.
ــ ئۇچتى، ئۇچتى، قۇش ئۇچتى،
ئىككى بالا سوقۇشتى.
ــ بىز ئېيتايلى ئۇلارغا،
سوقۇشمىسۇن يىغلىشىپ.

دوست بولۇپ ئۆتسۇن باللار،
ئۇچقان قۇشقا قارىشىپ.

## جىن بوپتۇ

ئىككى ئادەم بىر بوپتۇ،
نامازشامنىڭ ئارقىدا،
كۆتى قۇۋاق جىن بوپتۇ.

## ئەتىلىككە ھېيت

ئەتىلىككە ھېيت !
ئاپاڭغا ئېيت !
ئىشتان ـ كۆڭلەك ئېپبەرگەي،
ئاتاڭغا ئېيت !

## تۆگە ـ تۆگىلەك

تۆگە ـ تۆگىلەك، تۆگە ـ تۆگىلەك،
بۇغا ـ بۇغىلاڭ.
— نەگە بارىسەن؟
— تۇزغا بارىمەن.
— تۇزۇڭ قايدا؟
— يولدا قالدى.
يولدىشىكامنىڭ

بىر قىزى بار،
ھېكىم بەگكە تېگىدۇ.
ھېكىم بەگكە تەگكەندە،
ئالتە بالا تۇغىدۇ.
ئالتە بالا بەرى پوق،
ئېرتاي دېسە لاتا يوق.
لاتا دېگەن بازاردا،
ئالاي دېسە ئاقچا يوق.
ئاقچا دېگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دېسە ئاچقۇچ يوق.
ئاچقۇچىكام ئۆلۈپتۇ،
ئاق مازارغا كۆمۈپتۇ.
ئاق مازارنىڭ چالمىسى،
ئاق توڭگۇزنىڭ كاللىسى.

## بېشىڭدىكى نېمىدۇ

بېشىڭدىكى نېمىدۇ؟
سۇمبۇل - سۇمبۇل چاچلىرىم.
ئارقىڭدىكى نېمىدۇ؟
ئۇششاق - ئۇششاق باللىرىم.

بىر بالاڭنى بەرسەڭچۇ؟
ئېلاخۇندىن سورىساڭچۇ.
ئېلاخۇن، بىر بالاڭنى بەرسەڭچۇ؟
پۇلغا سېتىپ ئالساڭچۇ.

## ئاپتاپ چىق

ئاپتاپ چىق، ئاپتاپ چىق،
بىر بالاڭنى قويۇپ چىق،
بەش بالاڭنى يېتىلەپ چىق.
ئاپتاپ چىق،
ئاپتاپ چىق،
خان قىزىڭنى كۆتۈرۈپ چىق.

## ئاق مەخمەل پايپاق

ئاق مەخمەل پايپاق،
كۆك مەخمەل پايپاق.
(يەتتە قېتىم تېز ئېيتىلىدۇ)

## ساناق ساناش

بىر دېگەن بىلەك،
ئىككى دېگەن ئىلىك.
ئۈچ دېگەن ئۈچكە،
تۆت دېگەن تۆشۈك.
بەش دېگەن بۆشۈك.
ئالتە — ئالما،
يەتتە — يەككە،
سەككىز — ساقا،

توققۇز ــ توقا.
ئون ــ ئويماق.
ئون بىر ــ تېپىشماق.

## مەمەجان

غى - غى، مەمەجان
مەمەجاننىڭ نېمىسى بار؟
ئالتۇن بۆپەش ئاتالغان،
كىچىككىنە بىر قىزى بار.

قىز قولىدا بىر قونچاق،
ئېسىۋالغان كۆپ مونچاق.
تە - تە قىلىپ ماڭىدۇ،
دورىغىنى ئاق تايچاق.

كۆك ئۇستىگە ئاي چىقتى،
هويلىمىزدىن تاي چىقتى.
بۇ مەلىنىڭ ئىچىدىن
مەمەت هاجىم باي چىقتى.
باي غوجامنىڭ نېمىسى بار؟
چىنەتەخسىدە پىستىسى بار.
پىستىسىنى كىم چاقىدۇ؟
هاشىماخۇن قارا قاش.

هاشىماخۇن قارا قاش،
ئون پۇلۇمنى بەر، ئاداش،

ئون پۈلۈمنى بەرمىسەڭ،
شەرىئەتكە يوُر، ئاداش.

## قارا قاش خېنىم

قارا قاش خېنىم، قاراپ قويۇڭ،
يانچۇقۇمدا پۈلۈم بار،
خەجلەپ قويۇڭ.

## قارلىغاچ

مەن ئۆزۈم بىر قارلىغاچ،
قاناتلىرىم ئالماچ.
تەندە مادارىم بولمىغاچ،
دائىم ئوقۇيمەن دۇرۇت.

گۈلبوستانغا بېرىۋىدىم،
قوُم شېكەرنى يېۋىدىم.
مەن بۇ يەرگە كېلىۋىدىم،
قوڭغۇز بىلەن قۇرت.

ئۆزۈم كىچىك ـ كىچىك مەن،
كېچىلىرى بىھوشمەن،
ئادەمزاتقا تونۇشمەن.

## ئاق تەلەڭگە، كۆك تەلەڭگە

ئۇلۇغ، ئۇلۇغ سۇلار كەلدى،
سۇپا سىپلىگىلار.
قىزىل - قىزىل ئالما كەلدى،
تۇتۇۋېلىڭلار.
ئاراڭلاردىن چىقىپ كەتسەم
يىغلاپ قالماڭلار.
ئاق تەلەڭگە،
كۆك تەلەڭگە،
جانىم - جانىم زىلەيخان.
زىلەيخاننىڭ بېغىدا
بىر تۈپ، بىر تۈپ ئانارچەك،
ئانارچەكنىڭ باللىرى
بوغۇم - بوغۇمچەك.
ئاق خالتىدا تاش،
كۆك خالتىدا ماش.
سېنىڭ ئاپاڭدىن
مېنىڭ ئاپام ياش.

يەڭگەم، يەڭگەم،
جايناماز تىكەي دەملا؟
جاينامازنى قولتۇقلاپ
ناماز ئۆتەي دەملا؟
شۇنداق، بالام، شۇنداق،
شۇنداق، بالام، شۇنداق.

## خان بوۋا

خان بوۋا، ئوبدان بوۋا،
ناغرىنى چالغان بوۋا.
ناغرىنى ماڭا بېرىپ،
ئۆزى قاراپ تۇرغان بوۋا.

مەن ناغرىنى چالىمەن،
چېلىپ - چېلىپ يارىمەن.
خان بوۋامغا يالۋۇرۇپ،
يەنە بىرنى ئالىمەن.

خان بوۋام، ئوبدان بوۋا،
ناغرىنى چالغان بوۋا.
مېنىڭ ئاداشلىرىمنى
ناغرىچى قىلغان بوۋا.

## ئانام ئايدەك

ئانام ئايدەك،
دادام ئايدەك.
مېنى باقىدۇ،
قىزىلگۇلدەك.
ئانام ئېتىدۇ لەڭمەن ئاش،
مەن يەيمەن لەڭمەن ئاش.
دادام يەيدۇ چۆچەكتە،

ئانام يەيدۇ كۆمۈچاقتا.
مەن يەيمەن پىلىچەكتە،
بەرگەن ئىشىغا تويمايمەن،
خۇدايىمغا يىغلايمەن.
هۇ... هۇ... هۇ...

## ماي

ماي، ماي،
قىچىنىڭ مېيى.
نېسى ساتمايمەن،
كىشىنىڭ مېيى.
نېسى يىغقۇچە
تېشىلىپ كېتەر
كەشىمنىڭ چېمى.

## مەن كەلدىم

ئىسھاقجان، مەن كەلدىم،
مۇزدەك پولۇ يەپ كەلدىم،
سىزگە بىر مۇشت ئەكەلدىم.

## دۈگا - دۈگا قۇشقاچ

دۈگا - دۈگا قۇشقاچ،
قەلەم قاشنى ئېپقاچ.

## بۇرۇلۇك - بۇرۇلۇك باقى

بۇرۇلۇك - بۇرۇلۇك باقى،
ئەسكى ھارۋىنىڭ چاقى.

## چامغۇر يۇلۇش

— چامغۇر يۇلىمىز، چامغۇر،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم.
— تېرىپ قويدۇم،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم.
— ئۈندۈرمە بولدى،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم.
— بىر قۇلاق بولدى،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم.
— ئىككى قۇلاق بولدى،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم.
— ئۈچ قۇلاق بولدى،
— چامغۇر ئالغىلى كەلدىم.
— تۆت قۇلاق بولدى،
— يۇلىمىزمۇ؟ يۇلىمىز.

## ئەمبەل - چەيدو

ئەمبەل،
چەيدو.

باغقا كىردىڭمۇ؟
كىردىم.
ئالما يېدىڭمۇ؟
يېدىم.
گۈلنى ئۈزدۈڭمۇ؟
ئۈزدۈم.
بوغۇن چاقتىمۇ؟
چاقتى.
نەرىڭنى؟
شىللەمنى،
شىلدىر ـ شىلدىر ـ شىلدىر.

## تاي مونچاق

تاي ـ تاي، تاي مونچاق،
تايدىن كەلگەن ئاي مونچاق.

## بالا ئاشلاش

(1)

ئاش بولساڭ ئىچىپ چىق،
قوقاق بولساڭ كۆچۈپ چىق.
ئاش، ئاش، ئاش.
ئاچ پاقىنىڭ ئىچىگە كىرگەن بولساڭمۇ چىق.
چۆل پاقىنىڭ ئىچىگە كىرگەن بولساڭمۇ چىق.
ئاش، ئاش، ئاش.
چوڭ قۇيرۇقلۇق قويلارغا بار،

يالغۇز دەرەخكە بار،
ئۇلۇغ سۇغا بار،
چىرايلىق باغلارغا بار،
ئېگىز تاغلارغا بار،
ئەسكى تۈگمەنلەرگە بار.
چىقساڭ چىق،
چىقمىساڭ ئىت تېزىكى بىلەن ئىسلايمىز،
يۇلغۇن كۆتىكى بىلەن چىتلايمىز.

(2)

ئاللاھۇممە، ئاچ،
ئاچ، ئاچ، چىق !
چۇشكۇرگەننىڭ يۈزىگە چىق.
توق بالامنى قىينىماي،
ئاچ قالغاننىڭ كۆزىگە چىق.
ئاچ، ئاچ، ئاچ !
ئاچ بولساڭ چىق.
چىرايلىق قىزنىڭ چېچىغا چىق.
ئاللا ھۇممە، ئاچ،
ئاچ، ئاچ، ئاچ.
ئاچ بولساڭ ئاچلارغا چىق.
ئاچ قالغاننى قوغلىشىپ،
تاپالمىساڭ تاشقا چىق.
ئاچ، ئاچ، ئاچ !
ئاچ بولساڭ چىق، چىق،
باي خېنىمنىڭ بېشىغا چىق.

ئاچ، ئاچ، ئاچ !
ئاچ بولساڭ چىق، چىق.
ئويناشماي بوزەك بىلەن،
چۆلگە، كۆلگە كېتىڭلار،
ئۇجۇقتۇراي تېزەك بىلەن.
ئاچ، ئاچ، ئاچ !
ئاچ بولساڭ چىق، چىق.
نەدىن كىرسەڭ شۇ يەردىن چىق.

## ئەللەي قوشاقلىرى

1

باغ ـ باغ ئەتكەندە بېغىرتاق،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
باراي دېسەم يول يىراق،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
يىراقتىكى تۇغقاندىن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
تام قوشنىلار ياخشىراق،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

سۇلار ئاقۇر ئېرىقتا،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
غىلدىر ـ غىلدىر شىرىلداپ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ياقا يۇرتتا غېرىبمەن،

ئەللەي، بالام، ئەللەي.
يۈرەك كۆيەر پىلدىرلاپ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

قارانچۇقۇم سەن ئۆزۈك،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
تايانچۇقۇم سەن ئۆزۈك،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
سەندىن باشقا نېمەم بار،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
كۆز قارىچۇقۇم سەن ئۆزۈك،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئاشقا قاتتىم يۇمغاقسۇت،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
تومۇرلارنى باسسۇن دەپ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ساڭا ئۈمىد باغلىدىم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
نادانلىقنى يەڭسۇن دەپ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئەتە چوڭلا بولارسەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئوقۇشلارغا بارۇرسەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئادەم كۆركى ئىلىمدۇر،

ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئوقۇپ بىلىم ئالۇرسەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئوقۇپ ئالىم بولساڭ سەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئاق سۈتۈمگە مەن رازى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئىلىڭ ئۈچۈن تەر تۆكسەڭ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
باققىنىمغا مەن رازى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

2

مېنىڭ ئىتىڭ يورغىدۇر،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
كۆزۈڭدە يوق ئۇيقۇدۇر،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
كۆككە بېقىپ قارايسەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئويغا سالغان نېمىدۇر،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئاسماندىكى تۇرنىلار،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
جەنۇب ياققا قايتىپتۇ،

ئەللەي، بالام، ئەللەي.
بويۇن ئېگىپ تۆۋەنگە،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
قاتار ـ قاتار ئۇچۇپتۇ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

سالام دەڭلار تۇرنىلار،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئۇچتۇرپاندىن ئۆتكەندە،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلار،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
يەنە قايتىپ كەلگەندە،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

زامان شۇنداق تار ئىكەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئايرىۋەتتى ئانامدىن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئايرىلمىغان بىرمۇ كۈن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ياشلىقىمدا ئاتامدىن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

قانات بولسا ئۇچاتتىم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئۇلار بىلەن شۇ ياققا،

ئەللەي، بالام، ئەللەي.
قانات يوقكەن ياش تۆكۈپ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئىچىم تولدى پىراقتا،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئۇخلا قوزام، كۆز نۇرۇم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
نىسبى بولدى تۈنلەرمۇ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئۈمىد بىلەن ياشايمەن،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
كېلەر ئىسىل كۈنلەرمۇ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

3

ۋىلىق ـ ۋىلىق كۆلدۈك،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
تايتاڭ ـ تايتاڭ يۈردۈك،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
پۇت ـ قولۇڭدا ماغدۇر يوق،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئوغۇز سۈتكە تويمىدىڭ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
نېمىشقىمۇ تۇغۇلدۇڭ،

ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئەللەي، بالام، بوتا ـ تاي،
ئاچ قالساڭ قانداق چىداي،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

غەملەر باستى موماڭنى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئۆلۈپ كەتكەن ئاناڭنى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئەس ـ يادىمغا كەلتۈردۈڭ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
مۇجۇلىدۇ يۈرىكىم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ھەر ئاڭلىسام يىغاڭنى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئاناڭ مېنىڭ قىزىمدى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
يۈرىكىمدى، كۆزۈمدى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
تولۇن ئايدەك ئۆزۈمدى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
قاش ـ كىرپىكى قۇندۇزدى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

چېۋەر ئىدى قوللىرى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

كۆيەر ئىدى موماڭغا،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
سۆيەر ئىدى ئىپسىلىپ،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
سادىق ئىدى بوۋاڭغا،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئاتاڭمۇ يوق، ئاناڭمۇ يوق،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
يېدى ئۇنى زالىملار،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئۆلتۈرۋەتتى بوۋاڭنى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

پەيلى يامان قاۋانلار،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
گادايلارنى يىغلاتتى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
قان شورىغۇچ زامانلار،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ۋاقىتسىز خازان بولدى،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
باغدا ئۆرۈك، ئالمىلار،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
ئۇخلا، قوزام، ئامرىقىم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

مېنىڭ بىر تال يالغۇزۇم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
موماڭ سۆزىنى قەلبىڭگە،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
پۈكۈپ قويغىن، قۇندۇزۇم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.

ئۇخلا بوتام، يۇلتۇزۇم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
مەن سېنىڭدىن سۆيۈندۈم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
سەن، سەن مېنىڭ بۆشۈكۈم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
لاچىن بولغىن يۈرىكىم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.
شۇدۇر مېنىڭ ئۈمىدىم،
ئەللەي، بالام، ئەللەي.




Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk5NTUuemlw",
"filename_decoded": "40209955.zip",
"filesize": 21569299,
"md5": "5137275975fca1d2e3f3ae9a44dfa7af",
"header_md5": "f2eeaccdadf090b5497308f4eb16e18b",
"sha1": "4be4ae293313856abd3e39af26c457c687686ba1",
"sha256": "f773c0202dfba07f13bdb4cf91902d49b35ae228f22be4e821e9dd7dcaf872e3",
"crc32": 1794077526,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 23400190,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2555\u03a6\u2565\u00d1 \u256c\u03c3\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209955",
"pdg_main_pages_found": 312,
"pdg_main_pages_max": 312,
"total_pages": 325,
"total_pixels": 1240597248,
"pdf_generation_missing_pages": false
}